


# قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر

نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: مۇھەممەترەھىم سايىت
ئىسرائىل يۈسۈپ

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

回骨文契约文书:维吾尔文/买提热伊木.沙依提和依斯拉菲尔.玉素甫整理.—乌鲁木齐:新疆人民出版社,2000.5

ISBN 7-228-05726-0

Ⅰ回… Ⅱ.①买…②伊…③玉… Ⅲ.回骨语—合同—文书—维吾尔语(中国少数民族语言)Ⅳ.D923.6

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2000)第 26350 号

责任编辑:买买提吐尔地.米尔孜艾合买提

责任校对:阿斯亚.艾合买提

封面设计:艾克拜尔.萨里

回骨文契约文书(维吾尔文)

买提热伊木.沙依提,依斯拉菲尔.玉素甫整理

新疆人民出版社出版

(乌鲁木齐市解放南路 348 号　邮政编码 830001)

新疆新华书店发行

福利印刷厂印刷

850×1168 毫米 32 开本　14 印张

2000 年 8 月第 1 版　2000 年 8 月第 1 次印刷

印数:1—3000

ISBN7—228—05726—0/D.644　　定价:16.00 元

# مۇندەرىجە


كىرىش سۆز ........................................ 1

ۋەسىقىلەرنىڭ تىلى توغرىسىدا ........................ 25

ۋەسىقىلەرنىڭ ترانسكرىپسىيىسى، يەشمىسى ۋە ئىزاھى ........ 116

1. ئېلىم ـ سېتىم ۋەسىقىلىرى (1ـ1) 1 ـ (1ـ29) 92 ........ 117

2. ئالماشتۇرۇش ۋەسىقىلىرى (2ـ1) 30 ـ (2ـ3) 32 ........ 213

3. ئىجارىگە ئېلىش ۋەسىقىلىرى (3ـ1) 33 ـ (3ـ15) 47 ...... 220

4. قەرز ئېلىش ۋەسىقىلىرى (4ـ1) 48 ـ (4ـ32) 79 ........ 245

5. بالا بېقىۋېلىش ۋەسىقىلىرى (5ـ1) 80 ـ (5ـ3) 82 ........ 290

6. ئادەمنى گۆرۈگە قويۇش ۋەسىقىلىرى (6ـ1) 83 ـ (6ـ2) 84 ........................ 300

7. قۇللارغا ھۆرلۈك بېرىش ۋەسىقىلىرى (7ـ1) 85 ـ (7ـ2) 86 ........................ 308

8. ۋەسىيەتنامە ياكى مىراس بۆلۈش ۋەسىقىلىرى (8ـ1) 87 ـ (8ـ5) 91 ........................ 316

9. باشقا ۋەسىقىلەر (9ـ1) 92 ـ (9ـ34) 125 ........................ 334

سۆزلۈك ........................................ 387

ۋەسىقىلەرنىڭ بۇ كىتابتىكى تۈر نومۇرى بىلەن "UW" دىكى تۈر نومۇرىنىڭ سېلىشتۇرمىسى ........................ 429

پايدىلانغان ماتېرىياللار ئىچىدىكى بەزى قىسقارتمىلار ........ 434

پايدىلانغان ئاساسلىق ماتېرىياللار ........................ 435

بىر قىسىم ۋەسىقىلەرنىڭ فوتو سۈرىتى ........................ 442

# كىرىش سۆز

ھازىرغىچە تېپىلغان ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرى ئىچىدە، ئىجتىمائىي ئىقتىساد ۋەسىقىلىرىنىڭ ناھايىتى مۇھىم بۆلىكى ھېسابلانغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر[1] مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. قانۇنىي ئىسپات بولالايدىغان ياكى دەلىل — ئىسپاتلىق خاراكتېرگە ئىگە بولغان، شۇنداقلا بىر قەدەر يۇقىرى تارىخىي ماتېرىياللىق قىممىتىگە ئىگە بولغان بۇ ۋەسىقىلەر ئۆز زامانىسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ، بولۇپمۇ سۇڭ، يۈەن دەۋرلىرىدىكى قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا، جۈملىدىن ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي، سودا-سېتىق، پۇل ئىگىلىكى قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئەھۋاللىرىنى تەتقىق قىلىشتا، شۇنداقلا ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكا، لېكسىكا ۋە گراماتىكا جەھەتتىكى تەرەققىيات باسقۇچلىرىنى، بولۇپمۇ شۇ دەۋرنىڭ تىل خۇسۇسىيەتلىرىنى يورۇتۇپ بېرىشتە ناھايىتى

---

[1] ۋەسىقە: ئەرەبچىدىن ئۇيغۇر تىلىغا كىرگەن سۆز بولۇپ، "ھۆججەت؛ ئىسپات؛ تىلخەت" دېگەن مەنىلەرگە ئىگە. ئۇيغۇر تىلى ئىستېمالىدا بۇ سۆز يەنە "توختام، پۈتۈم، مۆھۈر خەت" مەنىلىرىنىمۇ بىلدۈرىدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر توپلىمى" (بۇ 3 توملۇق توپلام توغرۇلۇق مۇشۇ كىرىش سۆزدە قىسقىچە چۈشەنچە بېرىلدى)دا، ئۇنىڭدا تونۇشتۇرۇلغان 121 پارچە ھۆججەت ياپونچە 契约 ("توختام، پۈتۈم" دېگەن مەنىدە)، گېرمانچە kontrakt ("توختام، كېلىشىم، پۈتۈم" دېگەن مەنىدە) دەپ ئاتالغان. يۇقىرىدىكى توپلامدىكى 121 پارچە ھۆججەتنىڭ مۇتلەق كۆپى توختام ياكى كېلىشىم خاراكتېرىدىكى ھۆججەتلەر بولغاچقا (قالغان ھۆججەتلەر ۋەسىيەتنامە، كۆزمۇش، بۆز، مىس يارماق ۋە باشقا نەرسىلەرنى تاپشۇرۇۋېلىش ھۆججەتلىرى، تىلخەتلىرى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت)، يۇقىرىدىكى توپلامغا كىرگۈزۈلگەن ھۆججەتلەر ياپونچە، گېرمانچىدە يۇقىرىقىدەك ئېلىنغانلىقى چۈشىنىشلىك. بىز يەنىلا ھۆججەتلەرنى "ۋەسىقە" دەپ ئېلىشنى مۇۋاپىق تاپتۇق.

قىممەتلىك بىرىنچى قول ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ. ئۇ خاس تىل جەھەتتىكى مەسىلىلەرنى يورۇتۇپ بېرىشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماي، بەلكى ئۆز دەۋرىنىڭ ئەدەبىي يېزىقچىلىق جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرىنى يورۇتۇپ بېرىشتىمۇ ئالاھىدە بىر ئورۇن تۇتىدۇ.

ياپونىيە ئوساكا ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1993- يىلى 12- ئايدا، ياپونچە، گېرمانچە ئىككى خىل تىل، يېزىقتا «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر توپلىمى»[2] ناملىق ئۈچ توملۇق كىتابىنى نەشر قىلدى (تۆۋەندە "UW" دەپ قىسقارتىپ ئېلىندى، "UW" نىڭ ئاپتورى ئاتاقلىق تارىخشۇناس مەرھۇم يامادا نوبۇئو ئەپەندى، تۈزگۈچىلىرى پروفېسسور ئۇداجۇتېن، دوكتور پېتېر تسىمې، پروفېسسور ئۇمېمۇرا خىروشى، پروفېسسور مورىياسو تاكائو قاتارلىق ئالىملار بولۇپ، ئۇ خەلقئارا ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتى، جۈملىدىن قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر تەتقىقاتى جەھەتتىكى يۇقىرى سەۋىيىلىك ئىلمىي نەتىجە ھېسابلىنىدۇ. 1 "UW"، مەرھۇم يامادا ئەپەندىنىڭ 1960- يىلدىن 1981- يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا ئېلان قىلىنغان قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەرگە ئائىت 18 پارچە ئىلمىي ماقالىسىنىڭ توپلىمى ھېسابلىنىدۇ. 2 "UW" دە ئاساسەن تۇرپان ۋادىسىدىن تېپىلغان 121 پارچە ۋەسىقە تونۇشتۇرۇلغان، يەنى ئۇلارنىڭ ترانسكرىپسىيىسى، ياپونچە ۋە گېرمانچە تەرجىمىسى؛ ۋەسىقىلەرنىڭ ساقلانغان ئورنى، ساقلىنىش ھالىتى، تەتقىق قىلىنىش ئەھۋالى قاتارلىقلار تونۇشتۇرۇلغان بىر قانچە خىل جەدۋەل؛ پايدىلانغان ماتېرىياللار مۇندەرىجىسى، لۇغەت ۋە

---

[2] Nobuo YAMADA SAMMLUNG UIGURISCHER KONTRAKTE (1. 2. 3), Herausgegeben von Juten ODA, Peter ZIEME, Hiroshi UMEMURA, Takao MORIYASU, Osaka University Press, 1993.

ئىندېكس قاتارلىقلار بېرىلگەن. "UW"3 تە، 119 پارچە ۋەسىقىنىڭ فوتوسۈرىتى بېرىلگەن. 121 پارچە ۋەسىقە ئىچىدىكى 91 پارچە ئەسلى ۋەسىقىنىڭ ساقلىنىۋاتقان ئورنى ئېنىق بولۇپ، ئۇنىڭ 61 پارچىسى گېرمانىيىدىكى بېرلىن دۆلەت كۇتۇپخانىسى بىلەن بېرلىن ھىندى سەنئىتى مۇزېيىدا، 10 پارچىسى روسىيە شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ سانكىت-پېتېربۇرگ تارمىقىدا، 7 پارچىسى ياپونىيە كيوتودىكى ريۇكوكۇ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كۇتۇپخانىسىدا، 5 پارچىسى تۈركىيە ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مەركىزىي كۇتۇپخانىسىدا، 3 پارچىسى فىنلاندىيە خېلسىنكىدىكى فىن - ئۇگور تىللىرى ئىلمىي جەمئىيىتىدە، 1 پارچىسى ئەنگلىيە لوندوندىكى بېرىتانىيە كۇتۇپخانىسىدا، 4 پارچىسى جۇڭگودا (جۇڭگو تارىخىي مۇزېيىدا 3 پارچە، ش ئۇ ئا ر مۇزېيىدا 1 پارچە) ساقلانماقتا. بىراق، قالغان 30 پارچە ئەسلى ۋەسىقىنىڭ قەيەردىلىكى ئېنىق ئەمەس. بۇ 30 پارچە ۋەسىقىنىڭ 22 پارچىسىنىڭ فوتو سۈرىتى سانكىت - پېتېربۇرگدا، 1 پارچىسىنىڭ فوتو سۈرىتى ئىستانبۇلدا ساقلىنىپ قالغان. قالغان 7 پارچىسىنىڭ ئەڭ بۇرۇن ئېلان قىلىنىش ئەھۋالى مۇنداق: بىرىنى لېكوك 1919- يىلى فوتو سۈرىتى بىلەن ئېلان قىلغان؛ ئىككىسىنى فېڭ جياشېڭ ئەپەندى 1954- ۋە 1960- يىللىرى فوتو سۈرىتى بىلەن ئېلان قىلغان (1960- يىلى ئېلان قىلغىنىنىڭ فوتو سۈرىتى 1954- يىلى تۇنجى قېتىم «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا ئائىت پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى»دا ئېلان قىلىنغان)؛ يەنە ئىككىسىنى فېڭ جياشېڭ ئەپەندى بىلەن تېنشىۋ ئەپەندى بىرلىكتە، 1958- ۋە 1960- يىللىرى فوتو سۈرىتى بىلەن ئېلان قىلغان؛ گېڭ شىمىن ئەپەندىمۇ بۇ ئىككى پارچە ھۆججەتنى تەتقىق قىلىپ 1978- يىلى «جۇڭگياڭ مىنزۇشۆيۈەن شۆباۋ» ۋە 1981- يىلى «مىنزۇيۈيەن لۈنجى»دا ئېلان قىلغان. بىرىنىڭ تېكىستى 1899- يىلى

رادلوف تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان؛ ئاخىرقى بىرىنىڭ تېكستى 1928-يىلى مالوۋ ۋە رادلوۋلار يىغقان ماتېرىياللارنى تولۇقلاپ، لېنىنگرادتا نەشر قىلدۇرغان «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەر» (Uigurische Sprachdenkmäler) دېگەن ئەسەردە ئېلان قىلىنغان. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەرنىڭ مۇتلەق زور سانىدىكىسى XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى، XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تېپىلغان بولۇپ، ئۇلارغا قارىتا ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلارنىڭ ئالدىنىڭ تارىخى بىر ئەسىرگە يېقىنلاشتى (بەزىسىگە قارىتا ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتنىڭ تارىخى بىر ئەسىر بولدى). يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگىنىدەك، 2"UW" دە تونۇشتۇرۇلغان 121 پارچە ۋەسىقىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى چەت ئەللەردە بولغاچقا، روسىيە، گېرمانىيە، ياپونىيە، فىنلاندىيە، تۈركىيە، فرانسىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئالىملىرى ئالدىنقىلىرىنىڭ ئىزىنى بېسىپ، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەرنى ئوقۇپ شەرھلەش تەتقىقاتىغا مۇھىم تۆھپىلەر قوشتى. جۇڭگو ئالىملىرىدىن فېڭ جىياشېڭ، گېڭ شىمىن ئەپەندىلەر ئېلىمىزدە ساقلانغان ۋەسىقىلەر تەتقىقاتىغا مۇھىم تۆھپە قوشتى (ئېلىمىزدە يەنە چەت ئەل ئالىملىرى تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان بىرمۇنچە ۋەسىقىلەر تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇرۇلدى). قىسقىسى، "UW" نەشر قىلىنغانغا قەدەر، چەت ئەل ۋە ئېلىمىز ئالىملىرىنىڭ جاپالىق ئەمگىكى ئارقىلىق، بۇ جەھەتتىكى تەتقىقات قەدەممۇ قەدەم چوڭقۇرلاشتى، يېڭى تەتقىقات نەتىجىلىرى ئىز بېسىپ مەيدانغا چىقتى. كىشىلەرنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەرنى توغرا ترانسكرىپسىيە قىلىش ۋە چۈشىنىش جەھەتتىكى بىلىمىمۇ ئۈزلۈكسىز بېيىدى. "UW" مانا مۇشۇ ئاساستا مەيدانغا كەلگەن نەتىجە ھېسابلىنىدۇ. 121 پارچە ۋەسىقە تونۇشتۇرۇلغان بۇ نەتىجىدىن پايدىلىنىش ۋە ئۇنىڭغا يەنە 4 پارچە ۋەسىقىنى قوشۇش

ئاساسىدا، 125 پارچە ۋەسىقىنىڭ مەزمۇنىنى ئىلىم ساھەسىدىكىلەرگە ۋە كەڭ ئوقۇرمەنلەرگە تونۇشتۇرۇش ئەھمىيەتلىك بىر ئىش بولغاچقا، بىز ئۇنى نەشرگە تەييارلىدۇق. 1994- يىلى نەشرگە تەييارلىنىپ بولغان بۇ كىتاب مەبلەغ قىيىنچىلىقى سەۋەبىدىن بىر قانچە يىل بېسىلىپ قالدى. بۇ قېتىم شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدىكى رەھبەرلەر مىللىي مىراسلىرىمىزنى خەلقىمىزگە تونۇشتۇرىدىغان بۇ ئىشنى ئالاھىدە قوللىغانلىقى ئۈچۈن بۇ كىتاب ئاخىر ئوقۇرمەنلەر بىلەن دىدارلاشتى.

بۇ كىتابنى نەشرگە تەييارلاشتا، بىرىنچىدىن، بىز ئالدى بىلەن "UW"3 تىكى 119 پارچە ۋەسىقىنىڭ فوتو سۈرىتىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن "UW"2 دىكى مۇناسىۋەتلىك ترانسكرىپسىيىنى تەپسىلىي سېلىشتۇرۇپ چىقتۇق ۋە ئىز 119 پارچە ۋەسىقىنىڭ ترانسكرىپسىيىسىنىڭ ئىنچىكىلىك بىلەن ئەستايىدىل ئىشلەنگەنلىكىنى ھېس قىلدۇق. ئاندىن ئۇنىڭغا شىنجاڭدا ساقلىنىۋاتقان 4 پارچە ۋەسىقىگە قارىتا ئېلىپ بارغان تەتقىقات نەتىجىمىزنى قوشتۇق. ئىككىنچىدىن، 125 پارچە ۋەسىقىنىڭ يەشمىسىنى ئىشلەشتە، ئەسلى تېكىست ۋە ئۇنىڭ ترانسكرىپسىيىسىنى ئاساس قىلدۇق ۋە "UW"2 نىڭ ئاخىرىدىكى لۇغەت ھەم باشقا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللاردىن پايدىلاندۇق. ھەر بىر ۋەسىقىنىڭ يەشمىسىنىڭ ئاخىرىغا ئۆزىمىز زۆرۈر تاپقان سۆزلەرگە ئىزاھ بەردۇق. بەزى باشقىچە كۆزقاراشلىرىمىزنى ئىزاھاتتا ئەسكەرتىپ ئۆتتۇق. ترانسكرىپسىيە ۋە يەشمىسى تولۇق ئىشلەنگەندىن كېيىن، بىز بۇ ئەسەردە كۆرۈلگەن تىل خۇسۇسىيەتلىرى ئۈستىدە ئىزدەندۇق. بۇ ئەسەرنىڭ فونېتىكىلىق، لېكسىكىلىق ۋە گرامماتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرىنى ئىخچام بايان قىلىپ ئۆتتۇق. "UW" دىن ئىبارەت بۇ نەتىجە، بىزنىڭ 125 پارچە ۋەسىقىنى نەشرگە تەييارلىشىمىزنى مول بىلىم بىلەن تەمىن ئەتتى ۋە ئىشىمىزغا خېلى كۆپ

ئاسانلىق يارىتىپ بەردى. "UW"2 دە 121 پارچە ۋەسىقە تۆۋەندىكىدەك توققۇز تۈرگە ئايرىپ تونۇشتۇرۇلغان:

1. ئىلىم-سېھىر ۋەسىقىلىرى (29 پارچە)
2. ئالماشتۇرۇش ۋەسىقىلىرى (3 پارچە)
3. ئىجارىگە ئېلىش ۋەسىقىلىرى (14 پارچە)
4. قەرز ئېلىش ۋەسىقىلىرى (30 پارچە)
5. بالا بېقىۋېلىش ۋەسىقىلىرى (3 پارچە)
6. ئادەمنى گۆرۈگە قويۇش ۋەسىقىلىرى (2 پارچە)
7. قۇللارغا ھۆرلۈك بېرىش ۋەسىقىلىرى (1 پارچە)
8. ۋەسىيەتنامە ياكى مىراس بۆلۈش ۋەسىقىلىرى (6 پارچە)
9. باشقا ۋەسىقىلەر (33 پارچە)

بىز قوشقان 4 پارچە ۋەسىقىنىڭ 1- سى ئۈزۈملۈكنى ئىجارىگە ئېلىش ۋەسىقىسى، 2- سى بۆز قەرز ئېلىش ۋەسىقىسى، 3- سى ئاشلىق قەرز ئېلىش ۋەسىقىسى بولۇپ، 4- سى باشقا ۋەسىقىلەر تۈرىگە كىرىدىغان پۇل (مىس يارماق) تاپشۇرۇۋېلىش ھۆججىتىدۇر.

ۋاھالەنكى، 125 پارچە ۋەسىقىنىڭ مەزمۇنى تولۇق ھەم توغرا ياكى ئاساسەن ئېنىق ۋە توغرا شەرھلەپ بېرىلگەن بولسىمۇ، يەنە، ئاز بىر قىسىم سۆز — ئاتالغۇلارنىڭ مەنىسى، بەزى سۆزلەرنىڭ ئوقۇلۇشى ياكى ترانسكرىپسىيىسى ھەل بولمىغان مەسىلىلەردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ، مۇشۇ ساھەدىكى تەتقىقاتچىلارنىڭ ئالدىنقىلىرىنىڭ ئىزىنى كېيىنكىلىرى بېسىپ داۋاملىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، تەتقىقاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ھەل بولمىغان مەسىلىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ھەل قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن يېڭى ۋەسىقىلەرنىڭ تېپىلىشى ۋە تەتقىقاتنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، قېپقالغان مەسىلىلەر ھەل قىلىنغۇسى.

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئىجتىمائىي ئىقتىساد ۋەسىقىلىرى ئىچىدە ئالاھىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان ۋەسىقىلەر تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە تۈرلۈك ئالاھىدىلىككە ئىگە.

1. ۋەسىقىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەكلا تۇرپان رايونىدىن تېپىلغان ياكى مۇتلەق كۆپ قىسمى تۇرپان رايونىدىن تېپىلغان.[3] بۇ كىتابقا كىرگۈزۈلگەن 125 پارچە ۋەسىقە ئىچىدە تۇرپاندىن تېپىلغانلىقى ئېنىق ھېسابلانغىنى 105 پارچە، ئۇنىڭدىن باشقا (1) ئۈرۈمچىدىن تېپىلغان دېيىلگەن 4 پارچە ۋەسىقىنى، يەنى 98(9-7)، 99(9-8)، 106(9-15)، 107(9-16) نومۇرلۇق 4 پارچە ۋەسىقىنى ("UW" دە "باشقا ۋەسىقىلەر" (Mi) تۈرىگە كىرگۈزۈلگەن Mi07، Mi08، Mi15، Mi16 نومۇرلۇق ۋەسىقىلەرنى) تۇرپاندىن تېپىلغان ۋەسىقىلەر قاتارىغا كىرگۈزۈشكە بولىدۇ. چۈنكى، ھازىرقى ئۈرۈمچى تەۋەسى ئۇ زامانىسىدا ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىغا قارايتتى. 107(9-16) نومۇرلۇق ۋەسىقىنىڭ 3- قۇرىدا "lükqüng" دېگەن يەر نامى بولۇپ "lükqüng" ئۇ ۋاقىتتا ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ شەھەرلىرىدىن بىرى ئىدى. (2) ياپونىيىلىك ئوتانى جەنۇبىي شىنجاڭدا قولغا چۈشۈرگەن دېيىلگەن 4 پارچە ۋەسىقە يەنى 13(1-13)، 16(1-16)، 51(4-3)، 52(4-5) نومۇرلۇق 4 پارچە ۋەسىقە ("UW" دە "ئېلىم - سېتىم ۋەسىقىلىرى" (Sa) تۈرىگە كىرگۈزۈلگەن Sa13، Sa16 نومۇرلۇق ۋە "قەرز ئېلىش ۋەسىقىلىرى (Lo) تۈرىگە كىرگۈزۈلگەن Lo03، Lo05 نومۇرلۇق ۋەسىقىلەر)نىڭ فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكى (يۈەن دەۋرىگە تەۋە بولغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى

[3] بۇ كىتابقا كىرگۈزۈلگەن ۋەسىقىلەر، مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يەكەندىن تېپىلغان ۋە ھازىر چەت ئەللەردە ساقلىنىۋاتقان ئىنتايىن ئاز سانلىق قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

زامانىسىدىكى تۇرپان رايونى ئاھالىلىرىنىڭ ئىسىملىرىنى كۆرسىتىدۇ. دېمەك، يۇقىرىدىكى 3 پارچە ۋەسىقىنىمۇ تۇرپان رايونىدىن تېپىلغان دېيىشكە بولىدۇ. قالغان 7 پارچە ۋەسىقىنىڭ يېزىلىش شەكلى ۋە ئۇلاردىكى سۆز ئىشلىتىش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئۇلارنىمۇ تۇرپان رايونىدىن تېپىلغان ۋەسىقىلەردىن ھېسابلاش مۇمكىن.

2. ۋەسىقىلەر دەۋر تەۋەلىكىدىن ئېيتقاندا، ھەممىسى دېگۈدەكلا يۈەن دەۋرىگە تەۋە يازما يادىكارلىقلار ھېسابلىنىدۇ. ئۆز زامانىسىدىكى تۇرپان ئۇيغۇرلىرى 12 مۇچەللىك كالېندار بويىچە يىللارنى خاتىرىلەش ئەنئەنىسىنى داۋاملاشتۇرغاچقا، ۋەسىقىلەر پۈتۈلگەن يىللارغا، يەنى küskü (چاشقان)، ud (كالا)، bars (يولۋاس)، tawïxğan (توشقان)، luu (ئەجدىھا)، yïlan (يىلان)، yunt (ئات)، ḳoyn (قوي)، biqin (مايمۇن)، taḳïğu (توخۇ)، ït (ئىت)، tonguz (چوشقا) قاتارلىق 12 مۇچەلگە ئاساسەن، ھەر بىر ۋەسىقىنىڭ يېزىلغان يىلىنى مىلادى مۇنچىنچى يىل دەپ ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىش قىيىن. بۇ كىتابتىكى 125 پارچە ۋەسىقە ئىچىدە ئىككى پارچە ۋەسىقىدە، يەنى 12(1-12) نومۇرلۇق ۋە 119(9-28) نومۇرلۇق ۋەسىقىلەردە، "qungdung" (中统 نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى) يىلنامى كۆرۈلسىمۇ، بىراق ئۇ، بۇ ئىككى پارچە ۋەسىقە پۈتۈلگەن يىلنى كۆرسەتمەستىن، بەلكى قۇبلايخاننىڭ جۇڭتۇڭ يىللىرى (مىلادى 1260-1264-يىللىرى)نىڭ تۇنجى يىلى، يەنى 1260-يىلى 10-ئايدا تارقىتىلغان 中统宝钞 ناملىق قەغەز پۇلنى بىلدۈرۈپ كەلگەن. بۇ خىل قەغەز پۇل يۈەن دەۋرىدە يىل چەكلىمىسى قويۇلماي ئىشلىتىلگەن بولغاچقا، يۇقىرىدىكى 2 پارچە ۋەسىقىنىڭ پۈتۈلگەن ۋاقتىنى ئېنىق قىلىپ، 1260-1264-يىللاردا پۈتۈلگەن دېيىشكە بولمايدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، ۋەسىقىلەرنىڭ فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكى، سۆز ئىشلىتىلىش ئەھۋالى،

خەتلەرنىڭ يېزىلىش شەكلى قاتارلىقلار ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بۇددا دەۋرىگە تەۋە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. L. V. Clark ئەپەندى بۇنىڭدىن بۇرۇن، تۇرپان قاتارلىق جايلاردىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئىجتىمائىي ئىقتىساد ۋەسىقىلىرىنىڭ يۇەن دەۋرىگە تەۋە ئىكەنلىكىنى ئۇرغۇن پاكىتلار ئارقىلىق دەلىللەپ ئۆتتى. بىزنىڭچە، ئاز ساندىكى ۋەسىقىلەرنىڭ دەۋرى يۇەن دەۋرىدىن بۇرۇن بولۇشى مۇمكىن. بۇ جەھەتتىكى كۆز قاراشىمىزنى مۇناسىۋەتلىك ۋەسىقىلەر ئۈستىدە توختالغان ۋاقتىمىزدا ئەسكەرتىپ ئۆتىمىز. قىسقىسى، ھازىرغىچە مەلۇم بولغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئىجتىمائىي ئىقتىساد ۋەسىقىلىرى ئىچىدە، دۇنخۇاڭ موگاۋ غارلىرىنىڭ ھازىرقى 17- غاردىن (يەنى نوم ساقلاش غارىدىن) تېپىلغان ھۆججەتلەرنىڭ دەۋرى بۇرۇن (XI ئەسىرنىڭ 70- يىللىرىدىن كېيىن ئەمەس) بولۇپ، تۇرپاندىن تېپىلغانلىرىنىڭ دەۋرى كېيىن، يەنى ئۇلار يۇەن دەۋرىنىڭ مەھسۇلى دەپ قارالماقتا. ئەلۋەتتە بۇنىڭ ئاساسى بار. بىراق، بۇ تۇرپاندىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئىجتىمائىي ئىقتىساد ۋەسىقىلىرىنىڭ دەۋر تەۋەلىكىگە چىقىرىلغان ئاخىرقى ھۆكۈم ئەمەس. شۇڭا، بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتنى يەنىمۇ ئىنچىكىلىك بىلەن چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.

3. ۋەسىقىلەر ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى دەۋرىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. تۇرپان بوستانلىقىدا، خەن دەۋرىدىلا دېھقانچىلىق ئاساس قىلىناتتى. دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىدىن دانلىق زىرائەتلەر، ئۈزۈم قاتارلىقلار بار ئىدى. ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە بۇ رايوندا يەنىلا دېھقانچىلىق ئاساسىي ئورۇندا تۇراتتى. شىمالىي سۇڭ ئەلچىسى ۋاڭ يەندې قوچو "يەرلىرىدە دانلىق زىرائەتلەر ئۈستۈرۈلىدۇ"، "پاختا چىقىدۇ" دەپ خاتىرە قالدۇرغان.[4] ۋەسىقىلەردە دانلىق زىرائەتلەردىن ئارپا، بۇغداي، تېرىق (yür ~ ür) قاتارلىقلار ۋە

دېھقانچىلىقتا ئائىت ئاتالغۇلار كۆپ تىلغا ئېلىنغان. كېۋەز (kəpəz) مۇ كۆپ تىلغا ئېلىنغان. پاختىدىن توقۇلغان بۆزنى مىسالغا ئالساق، bəz سۆزىنىڭ تۈرلەنمىگەن ۋە تۈرلەنگەن شەكلى 26 پارچە ۋەسىقىدە 63 قېتىم كۆرۈلىدۇ. تۇرپاننىڭ ئۈزۈمى قەدىمدىن ناھايىتى مەشھۇر بولۇپ، ئۈزۈملۈك (borluk) ئاتالغۇسىنىڭ تۈرلەنگەن ۋە تۈرلەنمىگەن شەكلى 18 پارچە ۋەسىقىدە 63 قېتىم ئۇچرايدۇ. ئۈزۈم— مۇھىم ئىقتىسادىي زىرائەت ۋە ھاراق ياسايدىغان خام ئەشيا. ئۈزۈم ھارىقى (bor) مۇھىم باج ھەم تاۋار ھېسابلىنىدۇ. ۋەسىقىلەردە ئۈزۈم ھارىقى (مۇسەللەس)، ئۈزۈم شەربىتى (süqüg) قاتارلىق ئاتالغۇلار كۆپ تىلغا ئېلىنغان. ياغلىق زىرائەتلەردىن كۈنجۈت (künqit) مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. künqit ئاتالغۇسى بەش پارچە ۋەسىقىدە 15 قېتىم كۆرۈلىدۇ. ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى چارۋىچىلىقىدا، ئاتچىلىق مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ۋاڭ يەندې: "ئاتلىرى كۆپ بولۇپ، خانى، قاتۇنى، تېگىنلىرى ئات باقتۇرىدۇ ... يىلقىلار تۈكلىرىنىڭ رەڭگى بويىچە ئۈيۈرگە ئايرىلىدۇ، ئۇلارنىڭ سانىنى بىلگىلى بولمايدۇ."[5] دەپ زىكرى قىلغان. ۋەسىقىلەردە ئات ناھايىتى ئەتىۋارلىق ھايۋان سۈپىتىدە، 10 پارچە ۋەسىقىدە، 12 قېتىم تىلغا ئېلىنغان. قول - ھۈنەرۋەنچىلىك جەھەتتە، دېھقانچىلىق، سودا، ئالماشتۇرۇش قاتارلىقلار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان "بۆزچى" (bəzqi بۆز توقۇغۇچى)، تۆمۈرچى (təmirqi) قاتارلىق ھۈنەر كەسىپ ئاتالغۇلىرىمۇ ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. ۋەسىقىلەر ئەينى دەۋردىكى سودا ئىشلىرىنىڭ بەلگىلىك تەرەققىيات سەۋىيىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. پۇل ئىگىلىكىدىن ئېلىپ ئېيتساق، سودا ئىشلىرىدا

---

[4] "سۆزنامە. قوچو تەزكىرىسى"

[5] يۇقىرىدىكى ئىزاھقا قاراڭ.

كۈپرەك تەڭ قىممەتلىك بۆزنى "قۇانپۇ" (kuanpu) ياكى تامغىلىق بۆز ئىشلىتىلگەن، ئۇنىڭدىن باشقا، نوكچا ئالتۇن ياكى كۈمۈش، يارماق كۈمۈش (كۈمۈش تەڭگە)، مىس تەڭگە (bakir)، يۈەن سۇلالىسىنىڭ قەغەز پۇلى (bao qao ياكى qao) قاتارلىقلارمۇ قوللىنىلغان. تەڭ چوڭ پۇل بىرلىكى (مىس يارماقتىن باشقا پۇللارنىڭ بىرلىكى) 50 سەر (yastuk) بولغان.

4. ۋەسىقىلەر ئۇز زامانىسىدىكى يانچىلىق تۈزۈمى ئەھۋالىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ۋەسىقىلەردە karabax (قۇل، دېدەك)، küng (دېدەك)، oğlan [85(7-1) نومۇرلۇق ۋەسىقىدە "قۇل، غۇلام" مەنىسىدە كەلگەن]، kul (ئەر قۇل، قۇل)، ئاتالغۇلىرىمۇ خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. بولۇپمۇ "ئېلىم - سېتىم" ۋەسىقىلىرى تۈرىگە كىرگۈزۈلگەن، ئاتالمىش قۇل، دېدەك سودىسىغا ئائىت ۋەسىقىلەردە karabax (قۇل، دېدەك)، küng (دېدەك) كۆپ ئۇچرايدۇ (تۆۋەندىكى جەدۋەلگە قاراڭ).

## قاراباش ۋە كۈڭ ئاتالغۇلىرىنىڭ قوللىنىلىشى

| ۋەسىقە نومۇرى | ئىسمى | ئاتىلىشى | جىنسى | يېشى | باھاسى |
|---|---|---|---|---|---|
| 19(1-19) | تاش قارا | تۈرك قاراباش | | 15ياش | 100 قۇنپۇ ۋە 1 ئات |
| 20(1-20) | ئاسىل باي | قاراباش | | | (؟) قۇنپۇ |
| 21(1-21) | يۈكلۈك | قاراباش | ئەر | | 47 سەر يارماق كۈمۈش |
| 22(1-22) | كىمزۇن | قاراباش | ئايال | | 50 سەر يارماق كۈمۈش |
| 23(1-23) | تاق كۆز | قاراباش | قىز | 12ياش | 80 بۆز |
| 24(1-24) | پىنتۇڭ | قىتاي قاراباش | ئەر | 40ياش | 9 ياستۇق چاۋ (قەغەز پۇل) (بىر ياستۇق = 50 سەر) |
| 25(1-25) | تۇلات | كۈڭ | ئايال | | 100 بۆز |
| 29(1-29) | ئەسەن تېگىن | كۈڭ | ئايال | | 52 توپ بۆز |

بىز يۇقىرىدىكى ئاتالغۇلارغا ۋە ئاتالمىش قۇل، دېدەك سېتىش

ۋەسىقىلەرگە قاراپلا، ئەينى دەۋردىكى يەنى بۇئەن دەۋردىكى ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى جەمئىيىتىنى قۇللۇق جەمئىيەت دېسەك بولمايدۇ. چۈنكى، ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋردىكى جەمئىيەت كۆچمەن چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان فېئوداللىق جەمئىيەت ئىدى. ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋردىكى جەمئىيەت بولسا، دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلغان فېئوداللىق جەمئىيەت ھېسابلىنىدۇ. ئىدىقۇت بارچۇق ئارت تېكىن چىڭگىز خانغا بەيئەت قىلغان مىلادى 1209- يىل، ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى تارىخىنى ئالدىنقى ۋە كېيىنكى دەۋرگە ئايرىيدىغان چەك بولۇپ، كېيىنكى دەۋرگە كەلگەندە، ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى قۇللۇق جەمئىيەتكە قايتقان ئەمەس. كەينىگە قايتىش ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى جەمئىيىتىنىڭ تارىخىي تەرەققىيات يۈزلىنىشىگىمۇ ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. قۇللۇق جەمئىيەتتە قۇللارنىڭ ھېچنېمىسى بولمايدۇ. قۇلدارلار قۇللارنى قۇربانلىق ئورنىدا ئۆلتۈرۈپ كۆمۈۋېتىدۇ ياكى تىرىك كۆمۈۋېتىدۇ. يۇقىرىدىكى ئاتالمىش قۇل، دېدەك سودىسىغا ئائىت ۋەسىقىلەردە بېرىدەك سېتىۋالغۇچى قۇل ياكى دېدەكنى "خالىسا ئۆزى تۇتسۇن، خالىمىسا، باشقىلارغا سېتىۋەتسۇن" دېيىلگەن بولۇپ، "ئۆلتۈرسە، قۇربانلىق قىلسا بولىدۇ" دېگەن گەپ يوق. بۈگۈنكىچە قەدەر تۇرپان رايونىدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشلاردا، ئىدىقۇت ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ قۇللۇق جەمئىيەت ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان ئىسپاتمۇ تېپىلغىنى يوق. فېئودال يانچىلىق تۈزۈمى شارائىتىدا، يانچىدارلار يانچىلارنى سېتىۋېتەلەيدۇ، گۆرۈگە قويالايدۇ ياكى باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بېرەلەيدۇ. قىسقىسى، بۇ ۋەسىقىلەر ئەينى دەۋردىكى يانچىلىق تۈزۈمىنىڭ ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

5. ۋەسىقىلەر ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلىنىڭ يىپەك يولىنىڭ تۈگۈنىگە جايلاشقان، كۆپ مىللەتلىك ۋە كۆپ خىل مەدەنىيەت ئۇچراشقان ئەل بولۇشتەك ئالاھىدىلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ. بۇنىڭدا كىتاب ئاخىرىدا

بېرىلگەن سۆزلۈك ئىچىدىكى كىشى ئىسىملىرى ۋە خەنزۇچە، سانسكرىتچە، سوغدىچە، ئوتتۇرا قەدىمكى پارسچە، ئۇدۇنچە، گېركچە، ئەرەبچە ۋە موڭغۇلچە قاتارلىق تىللاردىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا كىرگەن سۆزلەر مىسال بولالايدۇ.

6. ۋەسىقىلەرنىڭ، بولۇپمۇ ھەر بىر تۈردىكى ۋەسىقىلەرنىڭ يېزىلىش ئۇسلۇبى ياكى شەكلى، قۇرۇلمىسى، تىلى (سۆز ئىشلىتىشى) قاتارلىقلار خىللا قىلىپلاشقان. ۋەسىقىلەر ئەدەبىي يېزىقچىلىق ئۇسلۇبى ۋە مەزمۇن جەھەتتىن ئاساسەن ئۈچ قىسىمدىن تەركىب تاپقان، بۇنى بارلىق ۋەسىقىلەردە كۆرۈلگەن ئورتاق ئالاھىدىلىك دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇ.

ھۆججەتنىڭ باش قىسمىدا، ئالدى بىلەن ھۆججەت يېزىلغان يىل (12 مۆچەل بويىچە)، ئاندىن ئاي، كۈن ۋە بەزىدە ھۆججەت مەيدانغا كەلگەن ئورۇن يېزىلغان. بۇ كىرىش قىسمى بولۇپ، ھۆججەتنىڭ يېزىلغان ۋاقتىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ھۆججەتنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى يېزىلغان. بۇلار ئاساسەن تۆۋەندىكى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئالدى بىلەن ھۆججەتنىڭ شەكىللىنىشىگە سەۋەب بولغان 1_تەرەپنىڭ ئىسمى، ھۆججەتنىڭ شەكىللىنىشىدىكى سەۋەب، يەنى 1_تەرەپ ئېھتىياجلىق بولغان نەرسە، ئاندىن كېيىن ھۆججەتنى شەكىللەندۈرگۈچى 2_تەرەپ، يەنى بىرىنچى تەرەپنىڭ ئېھتىياجىنى قامدىغۇچى كىشىنىڭ ئىسمى مەيدانغا چىقىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن 1_تەرەپنىڭ ئېھتىياجى چۈشكەن نەرسە ۋە ئۇنىڭ مىقدارى، باھاسى، نەرسىنىڭ بېرىلىش، سېتىلىش ۋە تاپشۇرۇۋېلىنىش ئۇسۇلى، ئورنى، ۋاقتى، دائىرىسى، پاسىلى، تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇق دائىرىسى يېزىلغان. قەرز ھۆججەتلىرىدە قەرزنىڭ قايتۇرۇلۇش ۋاقتى، ئۇسۇلى، مۇبادا ۋاقتىدا ئۆزى قايتۇرالمىسا، ئۇنى قايتۇرىدىغان كىشى، كېچىكتۈرسە ئۇنىڭ ئۇسۇلى، جازاسى قاتارلىقلار

يېزىلغان. ئاندىن بۇ ھۆججەت شەكىللەنگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش ھەققىدىكى ئىككى تەرەپنىڭ ۋەدىلىرى، ئەگەر ئۆز ۋەدىلىرىگە خىلاپلىق قىلىشسا، جازالاش يوللىرى ئاھايىتى ئېنىق يېزىلغان. مانا بۇ ھۆججەتنىڭ ئاساسىي قىسمى شۇنداقلا ئەڭ مۇھىم قىسمى، يەنى ۋەسىقىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى بولۇپ، ۋەسىقىلەر مانا مۇشۇ ئاساسىي مەزمۇنلىرىغا ئاساسەن تۈرلەرگە ئايرىلغان بولسىمۇ، ئوخشاش بىر تۈردىكى ۋەسىقىلەر مەزمۇنىدا ئۆزگىچىلىكلەر بولۇشى مۇقەررەر ئەلۋەتتە. مەسىلەن، "ئېلىم-سېتىم ۋەسىقىلىرى" تۈرىدىكى 4(1-3) نومۇرلۇق يەر سېتىش (ياكى سېتىۋېلىش) ۋەسىقىدە، ۋەسىقە پۈتۈلگەن ۋاقىت يېزىلغاندىن كېيىن، ساتقۇچى ۋە سېتىۋالغۇچى ئىككى تەرەپنىڭ ئىسمى، سېتىلغان يەرنىڭ باھاسى، پاسىلى، يەر سېتىۋالغۇچى يەرنىڭ ھەققىنى ساتقۇچىغا بەرگەنلىكى، يەر ساتقۇچى يەر سېتىش ھەققىنى ساق تاپشۇرۇۋالغانلىقى، بۇ يەرنىڭ سېتىۋالغۇچىنىڭ ئىلكىگە ئۆتكەنلىكى، سېتىۋالغۇچى خالىسا، يەرنى ئۆزى ئىشلەتسە ياكى باشقىلارغا ساتسا بولىدىغانلىقى، يەر ساتقۇچىنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرى بۇ يەرنى قايتۇرۇپ سېتىۋالماقچى بولسا، (يەنى توختامنامىگە خىلاپلىق قىلسا)، سېتىۋالغۇچىغا سېتىلغان يەردەك يەر ھازىرلاپ بېرىپ، ئاندىن سېتىلغان يەرنى قايتۇرۇپ سېتىۋېلىشى كېرەكلىكى، يەر سېتىۋالغان تەرەپ زىيان تارتسا بولمايدىغانلىقى بايان قىلىنغان؛ ئاخىرىدا، گۇۋاھچىلارنىڭ ئىسىملىرى ۋە پۈتۈكچىنىڭ نامى قاتارلىقلار يېزىلغان. 4(1-4) نومۇرلۇق يەر سېتىش ۋەسىقىسىدە، يەر ساتقۇچى تەرەپنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرى يەرنى قايتۇرۇپ سېتىۋالماقچى بولسا، سېتىلغان يەردەك 2 پارچە يەر ھازىرلاپ بەرگەندىن كېيىن قايتۇرۇپ سېتىۋالسا بولىدىغانلىقى ئېيتىلغان. 5(1-5) نومۇرلۇق ئۈزۈملۈك سېتىۋېلىش ۋەسىقىسىدە، ساتقۇچىنىڭ تۇغقانلىرى ئۇ ئۈزۈملۈكنى قايتۇرۇپ

سىنىۋالماقچى بولسا، سىنىۋالغۇچىغا ئۆززۈملۈكتەك 2 ئۆززۈملۈك ھازىرلاپ بېرىپ، ئاندىن قايتۇرۇپ سىنىۋالسا بولىدىغانلىقى ئەسكەرتىلگەن. (1-11)11 نومۇرلۇق ئۆززۈملۈك سىنىۋېلىش ۋەسىقىسىدە بولسا، ساتقۇچىنىڭ تۇغقانلىرى ئۇ ئۆززۈملۈكنى قايتۇرۇپ سىنىۋالماقچى بولسا، موڭغۇل خانىغا 1 ئالتۇن ياستۇق (50 سەرلىك نوكچا ئالتۇن)، ئوردا خەزىنىسىگە 1 كۈمۈش ياستۇق (50 سەر نوكچا كۈمۈش) بەگلەرگە 1 دىن ئات جەرىمانە تۆلىسۇن ۋە سۆزلىرى ناقىسسۇن دېيىلگەن. (1-22)22 نومۇرلۇق دېدەك سېتىش ۋەسىقىسىدە، ساتقۇچىنىڭ تۇغقانلىرى دېدەكنى قايتۇرۇپ سىنىۋالماقچى بولسا، ئۇ دېدەكتەك 2 دېدەكنى ھازىرلاپ بەرسۇن دېيىلگەن. (1-27)27 نومۇرلۇق قىزىل سېتىش ۋەسىقىسىدە، ساتقۇچىنىڭ ئادەملىرى بۇ قىزىل توغرۇلۇق دەتالاش قىلسا، مۇڭغۇل خانىغا 1 ئاق (كۈمۈش) ياستۇق، بەگلەرگە بىردىن ئات جەرىمانە تاپشۇرۇشى ۋە سۆزلىرىنىڭ ئۆتمەسلىكى قەيت قىلىنغان.

ئۇرغۇنلىغان ۋەسىقىلەردە، توختامغا خىلاپلىق قىلغان تەرەپنىڭ قانداق جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئېلىش كېرەكلىكى ياكى جەرىمانە تۆلىشى لازىملىقى ئېنىق يېزىلغاندىن سىرت، ئاخىرقى قىسمىدا، ھۆججەتلەشكۈچى ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرى، ئىسمى يېزىلغان، مۆھۈر - تامغىلىرى بېسىلغان، گۇۋاھچى بولغۇچى ياكى كېلىشتۈرگۈچىلەرنىڭ ئىسمى يېزىلغان ۋە مۆھۈر - تامغىلىرى بېسىلغان ياكى بەلگە-نىشانلىرى چۈشۈرۈلگەن. ئەڭ ئاخىرىدا ھۆججەتنى يېزىشتا قەلەم تەۋرەتكۈچى قاتارلىقلارنىڭ ئىسمى يېزىلغان. بۇنداق ۋەسىقىلەرنى قانۇنى ۋەسىقىلەر دېيىشكە بولىدۇ. بىراق، ئۆز زامانىسىدە قانداق ئالاقىدار قانۇنلار چىقىرىلغانلىقىغا ئائىت ئېنىق ماتېرىيالغا ئىگە ئەمەسمىز. بىر قىسىم ۋەسىقىلەردە (ئاساسلىقى بىر قىسىم قەرز ئېلىش ۋەسىقىلىرىدە) il yangïnqa ("تەلىنىڭ يوسۇنى بويىچە" ياكى "تەلىنىڭ

قائىدىسى بويىچە") دېگەن سۆزلەر بولۇپ، بۇ سۆز قەرز ئالغۇچىنىڭ قەرزنى توختامدا بېكىتىلگەن ۋاقىتتا قايتۇرمىسا، ئەل قائىدىسى (ياكى ئەل ئادىتى) بويىچە ئۆسۈمى بىلەن تولۇق قايتۇرىدىغانلىقى ئەسكەرتىلگەندە قوللىنىلغان. [59(4-12) نومۇرلۇق ۋەسىقە قاتارلىقلارغا قاراڭ]. بۇ سۆزنىڭ ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ئېتىراپ قىلىدىغان ۋە قانۇنىي كۈچ بەرگەن ئادەت قانۇنى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى، 59(4-12) نومۇرلۇق ۋەسىقىدىكى il yangïqa دېگەن سۆز بىلەن 82(5-3) نومۇرلۇق ۋەسىقىدىكى il tərüsi birlə ("ئەل قائىدىسى بويىچە" دېگەن مەنىدە) دېگەن سۆز مەنىداش سۆزلەر ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، 82(5-3) نومۇرلۇق ۋەسىقىدە tərü ("قانۇن، قائىدە، ئادەت قانۇنى" دېگەن مەنىدە) دېگەن ئاتالغۇ بولۇپ، بۇ ۋەسىقىنىڭ 29- قۇرىدا tərü yarğu yosunï birlə ["قانۇنىي ھۆكۈم (چىقىرىش) بەلگىلىمىسى بويىچە" دېگەن مەنىدە] دېگەن سۆز بار. قىسقىسى، بىز يۇقىرىقىلارغا ئاساسەن، ئەينى چاغدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە بەلگىلىك قانۇنلار بولغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالايمىز. شۇنداقلا بۇ ئادەت- يوسۇن، ئادەت قانۇنى ياكى قانۇنلارنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى ئەدەبىي تىلغا ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتكەنلىكىنىمۇ ھېس قىلالايمىز.

7. ۋەسىقىلەرنىڭ ھەممىسىگە دېگۈدەك ئالاقىدار كىشىلەرنىڭ تامغىسى بېسىلغان ياكى نىشانى (بەلگىسى) سىزىلغان. بۇنى ئوقۇرمەنلەر 3 "UW" تىكى ۋەسىقىلەر فوتو سۈرىتىدىن كۆرۈۋالالايدۇ. ۋەسىقىلەردىمۇ تامغا بېسىلغانلىقى ياكى نىشان چۈشۈرۈلگەنلىكى ئەسكەرتىلگەن.

8. ۋەسىقىلەر قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ تېز يازما نۇسخىسى (بۇ خىل نۇسخىدىكى خەتلەرنى ئوقۇماق تەس بولۇپ، a، ə، r، n، s، x، ğ، ķ قاتارلىق ھەرپلەر ئېنىق يېزىلمىغان بولىدۇ) ۋە يېرىم تېز يازما نۇسخىسى (بۇ خىل نۇسخىدىكى خەتلەرنى ئوقۇماق بىر قەدەر ئوڭاي، چۈنكى، ھەرپلەر ئاساسەن ئېنىق يېزىلغان بولىدۇ)دا يېزىلغان.

9. ۋەسىقىلەرنىڭ تىل ئالاھىدىلىكى. بۇ توغرىلىق تۆۋەندە بايان قىلىنغان "ۋەسىقىلەرنىڭ تىلى توغرىسىدا" دېگەن بابقا قاراڭ.

بىز "UW" 2 دىكى ۋەسىقىلەرنىڭ تۈرگە ئايرىلىشى بويىچە، ھەر بىر تۈردىكى ۋەسىقىلەرنىڭ ترانسكرىپسىيىسىنىڭ بېشىغا، ئۇلارنىڭ ئومۇمىي سان ئىچىدىكى تەرتىپ نومۇرى، تۈر نومۇرى ۋە ھەر بىر تۈر ئىچىدىكى تەرتىپ نومۇرىنى كۆرسىتىدىغان رەت نومۇرىنى بەردۇق [مەسىلەن، 1(1-1) بولسا، ۋەسىقىلەرنىڭ 1-سى شۇنداقلا 1-تۈردىكى ۋەسىقىلەرنىڭ 1-سىنى كۆرسىتىدۇ]. ئوقۇرمەنلەر ۋەسىقىلەرنىڭ يەشمىسىنى كۆرگەندە، ھەر بىر ۋەسىقىنىڭ نېمىگە ئائىت، قانداق ۋەسىقە ئىكەنلىكىنى ئاسانلا بىلىۋالالايدىغانلىقى ئۈچۈن، ھەر بىر ۋەسىقىگە، ئۇنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن ماۋزۇ قويۇشنىڭ ئانچە زۆرۈرىيىتى يوق دەپ ھېسابلىدۇق.

ئاخىرىدا، بۇ ئەسىرىمىزگە تۇرپاندىن تېپىلغان ۋە ئۆزىمىز تەتقىق قىلغان 4 پارچە ۋەسىقىنى كىرگۈزدۇق. دېمەك، بىزنىڭ بۇ ئەسىرىمىزدە، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى 125 پارچە ۋەسىقە تونۇشتۇرۇلدى.

# ۋەسىقىلەرنىڭ ترانسكرىپسىيىسى ۋە يەشمىسىگە ئائىت ئەسكەرتمىلەر

1. ترانسكرىپسىيە نەشرىيات ئورۇنلىرىنىڭ قىزغىن كۆڭۈل بۆلۈشى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر بۆلۈمى مەسئۇللىرىنىڭ "ئىلمىي ئەمگەك ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئىلمىيرەك بولسۇن" دېگەن پرىنسىپىغا ئاساسەن لاتىن ھەرپى بىلەن بېرىلدى، ئەمما، ئۇيغۇر كونا يېزىقىنىڭ تاۋۇش خۇسۇسىيەتلىرى ساقلاپ قېلىندى ۋە سۆزلۈكنى ھازىرلاشتىمۇ ئەرەپ يېزىقى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئېلىپبە تەرتىپى ئاساس قىلىندى. كومپيۇتېر ئۈسكۈنىلىرىدىكى بەزى ئاجىزلىقلىرىمىز تۈپەيلىدىن، ئەسلى تېكىستنى ئىلمىي ترانسكرىپسىيە قىلىش جەھەتتە قىسمەن چەكلىمىلەردىن خالىي بولالمىدۇق.

2. قىپپاش سىزىق: ۋەسىقىدىكى ئورنى كەمتۈك بولۇپ قالغان ھەرپلەرنى كۆرسىتىدۇ. بىر قىپپاش سىزىق بىر ھەرپنىڭ ئورنىنى بىلدۈرىدۇ.

3. ترانسكرىپسىيىدە ( ) ئىچىگە ئېلىنغان تاۋۇشلار، تېكىست مەزمۇنىغا ئاساسەن، ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن تاۋۇشلارنى (بۇ تاۋۇشلار ئورنى ئەسلى ۋەسىقىدە كەمتۈك بولۇپ قالغان، بىراق تەجرىبە ۋە بىلىمگە ئاسەن ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولىدىغان تاۋۇشلارنى كۆرسىتىدۇ. [ ] بەلگىسى ئىچىگە ئېلىنغان سۆز، تاۋۇشلار، ۋەسىقىدە ئۇشۇقچە يېزىلىپ قالغان سۆز، تاۋۇشلار ھېسابلىنىدۇ.

4. ترانسكرىپسىيىدە، ( ) ئىچىگە ئېلىنغان چېكىت قانچە بولسا، ۋەسىقىنىڭ قەغىزى بۇزۇلۇپ، شۇ ئورۇندا شۇنچە تۈشۈك پەيدا

بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

5. كۆپ چېكىت، ۋەسىقىنىڭ شۇ ئورنىنىڭ كەمتۈك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

6. ترانسكرىپسىيىدە ياكى يەشمىدە، كەينىگە (؟) بەلگىسى قويۇلغان سۆزلەر بولۇپ، ئۇ شۇ سۆزلەرنىڭ ترانسكرىپسىيىسىنىڭ ياكى يەشمىسىنىڭ تازا ئىشەنچلىك ئەمەسلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

7. ترانسكرىپسىيىدە، لاتىنچە ھەرپلەرنىڭ چوڭ يېزىلىشى بىلەن كۆرسىتىلگەن سۆزلەر ياكى تاۋۇشلار بولۇپ، بۇ سۆزلەر ياكى تاۋۇشلار ھەرپلىرىنى ئاساسەن پەرق ئەتكىلى بولىدىغان، بىراق ئىشەنچلىك ترانسكرىپسىيە قىلغىلى بولمايدىغان ئەسلى سۆز ياكى تاۋۇشلارنى كۆرسىتىدۇ.

8. بىز 2 "UW" دىكى ترانسكرىپسىيىنى توغرا ھېسابلىغانلىقىمىز ئۈچۈن، بەزى سۆزلەرنىڭ ئىلگىرى بەزى تەتقىقاتچىلار تەرىپىدىن باشقىچە ترانسكرىپسىيە قىلىنغانلىقىغا، ئاساسەن ئەسكەرتىش بەرمىدۇق.

9. يەشمىدە، ( ) ئىچىگە ئېلىنغان سۆزلەر، يەشمىنىڭ راۋان ھەم چۈشىنىشلىك بولۇشى ئۈچۈن، ئەسلى تېكىست مەزمۇنىغا ئاساسەن قوشۇلغان سۆزلەر ھېسابلىنىدۇ. ھازىرقى تىلىمىزدا يەنىلا ئىشلىتىلىۋاتقان بىر قىسىم قەدىمىي سۆزلەر يەشمىسىز قوللىنىلدى.

10. كىشى ئىسىملىرى بىلەن يەر ناملىرىنى ئوقۇرمەنلەر پەرق ئېتىۋالالايدىغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ ئەسەرنىڭ ئاخىرىغا بېرىلىدىغان لۇغەتتە ئەسكەرتىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارغا ئىزاھتا ئەسكەرتىش بېرىلمىدى.

11. ترانسكرىپسىيە ئاخىرىدا، زۆرۈر تېپىلغان بىر قىسىم سۆزلەرگە ئىزاھ بېرىلدى. ئالدىنقى ۋەسىقىنىڭ ترانسكرىپسىيىسىنىڭ ئاخىرىدا ئىزاھلانغان سۆزلەر كېيىنكى ۋەسىقىلەردە يەنە ئۇچرىسا، زۆرۈر

بولمىغانلىرىغا تەكرار ئىزاھ بېرىلمىدى.

12. ئىزاھ بېرىلگەن سۆز شۇ ۋەسىقىنىڭ قانچىنچى قۇرىدا بولسا، شۇ قۇر نومۇرى ئىزاھلىنىدىغان سۆزنىڭ ئالدىغا يېزىلدى، يەنى ئىزاھ نومۇرى قۇر نومۇرىغا ئاساسەن قويۇلدى.

13. ترانسكرىپسىيىدىكى «ئا»، «ئە» يېزىلىپ قالغان «ئا» ئىمۇ؛ «ئە»، «ئا» يېزىلىپ قالغان «ئە»ئىمۇ؛ «ت»، «ت» يېزىلىپ قالغان «د» ئىمۇ؛ «د»، «د» يېزىلىپ قالغان «ت» ئىمۇ؛ «ز»، «ز» يېزىلىپ قالغان «س» ئىمۇ؛ «س»، «س» يېزىلىپ قالغان «ز» ئىمۇ كۆرسىتىدۇ. يەنە تېكستتە، «ق» ۋە «غ» تاۋۇشلىرىنى ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىش ھادىسىلىرىمۇ بار. بۇلار ئادەتتىكى ئىملا مەسىلىسى بولماستىن، بەلكى ئۆز دەۋرىدىكى جانلىق تىلنىڭ تاۋۇش سىستېمىسىدا ئەكس ئەتكەن تاۋۇشلارنىڭ ئۆزگىرىش ھادىسىلىرىنىڭ ئىزلىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ جەھەتتىكى مەسىلىلەر توغرۇلۇق «قەدىمكى ئۇيغۇر — تىل يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەرنىڭ تىل ئالاھىدىلىكى» دېگەن تېمىدا ئاز-تولا توختالدۇق.

14. بۇ مەتىندە قوللىنىلغان ترانسكرىپسىيە بەلگىلىرى:

a ئا، ə ئە، b ب، p پ، t ت (= ḍ يەنى د يېزىلىپ قالغان ت)، j ج، q چ، h خ، d د (= ṭ يەنى ت يېزىلىپ قالغان د)، r ر، z ز (= ṣ يەنى س يېزىلىپ قالغان ز)، s س (= ẓ يەنى ز يېزىلىپ قالغان س)، x ش، ğ غ، f ف، ķ ق، k ك، g گ، l ل، m م، n ن، ḥ ھ، o ئو، u ئۇ، ө ئۆ، ü ئۈ، w (v) ۋ، e ئې، ï ئى (i تاۋۇشىنىڭ ئارقا سوزۇق جۈپتى)، i ئى، y ي.

15. "ۋەسىقىلەرنىڭ تىلى توغرىسىدا" دېگەن مۇھاكىمىدە بېرىلگەن مىساللاردىكى [zls] قاتارلىق [ ] ئىچىگە ئېلىنغان تاۋۇش بەلگىلىرى، ۋەسىقىلەرنىڭ تېكستىدە ئۆزگىرىشىپ كەلگەن تاۋۇش بەلگىلىرىنى

كۆرسىتىدۇ. يەنى، ئالدىنقى تاۋۇش بەلگىسى s، كېيىنكى تاۋۇش بەلگىسى z نىڭ ئورنىدا كەلگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بىز ترانسكرىپسىيىدە، z ئورنىدا كەلگەن s نى z، d ئورنىدا كەلگەن t نى d، ḳ ئورنىدا كەلگەن ğ نى ḳ قىلىپ ترانسكرىپسىيە قىلدۇق (پەقەت "ۋەسىقىلەرنىڭ تىلى توغرىسىدا" دېگەن تېما ئۈستىدە توختالغاندىلا).

16. "ۋەسىقىلەرنىڭ تىلى توغرىسىدا" دېگەن بۆلۈمدىكى تەھلىلدە كەلتۈرۈلگەن مىساللاردا، تۇرغۇن سۆزلەرنى تۈرلىگۈچى قوشۇمچىنىڭ ئالدىغا # بەلگىسى، پېئىلنى تۈرلىگۈچى قوشۇمچىنىڭ ئالدىغا $ بەلگىسى، ئىسىم قاتارلىق تۇرغۇن سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىنىڭ ئالدىغا + بەلگىسى، پېئىل ياسىغۇچى قوشۇمچىنىڭ ئالدىغا - بەلگىسى قويۇلدى.

17. "UW" دېگەن قىسقارتىلما بەلگە "كىرىش سۆز"نىڭ باش قىسمىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك ياپونىيەدە نەشر قىلىنغان «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر توپلىمى» دېگەن كىتابنىڭ قىسقارتىلما بەلگىسىنى ئىپادىلىگەندىن باشقا، بەزىدە يەنە "قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقە" دېگەن مەنىنىمۇ كۆرسىتىدۇ. بىزنىڭ تۆۋەندىكى "ۋەسىقىلەرنىڭ تىلى توغرىسىدا" دېگەن بولۇمدە، يەنە قولىمىزدىكى مۇشۇ كىتابنىڭ قىسقارتىلما نامىنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

18. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە AYC جەمال قايا تەرىپىدىن ھازىرلىنىپ، تۈركىيەدە نەشر قىلىنغان «ئالتۇن يارۇق»)، TTD («تۈركىي تىللار دىۋانى»)، KB («قۇتادغۇ بىلىك»)، KR («قىسسەسى رابغۇزى»)، Gabain (ئا. فون گابايىننىڭ « قەدىمكى تۈركىي تىلى گىراممatikىسى») ۋە MSI (ئىسرائىل يۈسۈپ، دولقۇن قەمبىرى، ئابدۇقەييۇم خوجا تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «مايتىرى سىمىت»)، Orkun ھۈسەيىن نامىق ئورقۇن تەرىپىدىن ھازىرلىنىپ، تۈركىيەدە نەشر

قىلىنغان «ئەسكى تۈرك يازىتلارى») قاتارلىق قىسقارتمىلار قوللىنىلدى، بۇلار پايدىلانغان ماتېرىياللار ۋە قىسقارتىلمىلار دېگەن بولۇمدە كۆرسىتىپ ئۆتۈلدى.

# ۋەسىقىلەرنىڭ تىلى توغرىسىدا

بىز تۆۋەندىكى تەتقىقاتىمىزدا ھۆرمەتلىك ئۇستازىمىز گېڭ شىمىن ( [illegible] ) ئەپەندىنىڭ قەدىمكى تۈركىي تىلى ياكى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى ئۈستىدە ئېلىپ بارغان ئۇزۇن يىللىق ئەمگەكلىرى، بولۇپمۇ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ گىراممانتىكىسىغا ئائىت ئەمگەكلىرىنىڭ نەتىجىلىرىدىن ۋە ھۆرمەتلىك ئۇستازىمىز خەمىت تۆمۈر ئەپەندىنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ۋە چاغاتاي تىلى ھەققىدە ئېلىپ بارغان ئۇزۇن يىللىق ئەمگەكلىرىنىڭ نەتىجىلىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلاندۇق. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇستازلىرىمىزغا يەنە بىر قېتىم ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمىز.

ۋەسىقىلەرنىڭ تىلىنى ياخشى تەتقىق قىلىپ ئۆگىنىش، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئايرىم فونېتىكىسى، ئايرىم لۇغىتى ۋە ئايرىم گىراممانتىكىسى قاتارلىقلارنى بىر - بىرلەپ تەتقىق قىلىپ، تۈزۈپ كىتاب قىلىپ نەشر قىلىش — ئەلۋەتتە ھەممىمىزنىڭ ئالدىمىزدا تۇرغان مۇشكۈل ۋە شەرەپلىك ۋەزىپە. بۇلارنى ئىشلەشتىن بۇرۇن ئالدىراق بولسىمۇ ۋەسىقىلەردە ئەكس ئەتكەن تىل ئالاھىدىلىكلىرىنى قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتىمىز.

## فونېتىكا جەھەتتە

سوزۇق تاۋۇش ۋە ئۈزۈك تاۋۇش سىستېمىسى، تاۋۇشلارنىڭ سانى، تاۋۇشلارنىڭ ئۆزگىرىشىنى ۋە سۆز يىلتىزى ياكى ئۆزەك بىلەن قوشۇمچىلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش قائىدىسى

تۆپەيلىدىن يۈز بەرگەن تاۋۇش ئۆزگىرىشلىرىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، تاۋۇشلاردىكى تۆۋەندىكىدەك خۇسۇسىيەتلەرنى بايقاشقا بولىدۇ.

1. تېكىستتە /a/، /ə/، /ï/، /i/، /o/، /u/، /θ/، /ü/ قاتارلىق سوزۇق تاۋۇشلار كۆرۈلىدۇ. بۇلاردىن /ï/ تاۋۇشى تىل ئالدى تار، لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇش /i/ نىڭ تىل ئارقا ۋارىيانتى بولۇپ، بەزى سۆزلەردە مەنە پەرقلەندۈرسىمۇ، مۇنداق سۆزلەر چەكلىك بولۇپ، باشقا تاۋۇشلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا مەنە پەرقلەندۈرۈش ئالاھىدىلىكى ئانچە گەۋدىلىك ئەمەس، شۇڭا، ئۇنى مۇستەقىل فونېما دېيىش سەل تەس. قالغان سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ھەممىسى ئۆز ئالدىغا مەنە پەرقلەندۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ، شۇڭا، ئۇلار مۇستەقىل فونېما ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، at "ئات"، ət "گۆش"، bax "باش"، bəx "بەش"؛ ḳïn "جازا"، kin "كېيىن"، oğrï "ئوغرى"، θgri- "خۇشال بولماق"؛ on "ئون"، un "ئۇن"، ḳol "قول"، ḳul "قۇل"؛ kθn- "كۆنمەك"، kün "كۈن"، sθz "سۆز"، süz- "سۈزمەك" قاتارلىقلار.

2. بۇ ۋەسىقىلەردە گەرچە قىسمەن سوزۇق تاۋۇشلار قوش يېزىلغان بولسىمۇ (مەسىلەن، box "بوش، ئەركىن" سۆزى بەزىدە boox شەكلىدە، ḳum "قۇم" سۆزى بەزىدە ḳuum شەكلىدە يېزىلغان)، لېكىن، ئۇلار مەنە پەرقلەندۈرۈش رولىنى ئوينىيالمايدۇ. شۇڭا، ئادەتتە بۇ ۋەسىقىلەرنىڭ تىلىدا ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش فونېمىسى يوق دەپ قارايمىز.

3. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا /e/ تاۋۇشىنى ئىپادىلەيدىغان مەخسۇس بەلگە ياكى ھەرپ يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە، فونولوگىيەلىك پرىنسىپ بويىچە بۇ تاۋۇش مەنە پەرقلەندۈرۈش خۇسۇسىيىتىگىمۇ ئىگە ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى فونېما ھېسابلاشقا بولمايدۇ. شۇنداقتىمۇ بەزى تىلشۇناسلار قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان بەزى

تېكىستلەردىكى ئايرىم سۆزلەرنىڭ تەركىبىدىكى /ə/ دىن ئۆزگىرىپ كەلگەن بەزى تاۋۇشلارنى /e/ بىلەن ترانسكرىپسىيە قىلغان، بىزنىڭچە بۇ ئانچە مۇۋاپىق ئەمەس.

4. بۇ ۋەسىقىلەردە خەنزۇچىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەردە قوش سوزۇق تاۋۇشلار ئۇچرايدۇ (مەسىلەن، qao "چاۋ، پۇل"، baoxin "باۋرىن، كاپالەتلىك قىلغۇچى"، ķuanpu "گۇەنبۇ" قاتارلىق). لېكىن، بۇ قىسمەن ئەھۋال، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئانا خۇسۇسىيەتلىرى ئەمەس. شۇڭا، فونولوگىيىلىك پرىنسىپ بويىچە ۋەسىقىلەرنىڭ تىلىدا قوش سوزۇق تاۋۇش دېگەن كاتېگورىيە مەۋجۇت ئەمەس.

5. ۋەسىقىلەرنىڭ تىلىدا خۇددى قەدىمكى ئۇيغۇر تىل - يېزىقىدىكى باشقا مەتنىلەرنىڭ تىلىدا كۆرۈلگەنگە ئوخشاش، پەقەت لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇش /o/ ۋە /θ/ سۆزنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدىلا كۆرۈلۈپ، باشقا بوغۇملىرىدا كۆرۈلمەيدۇ؛ قالغان سوزۇق تاۋۇش فونېمىلىرىنىڭ ھەممىسى سۆزنىڭ ھەرقانداق بوغۇمىدا، يەنى باش بوغۇمىدا، ئوتتۇرا بوغۇمىدا ۋە ئاخىرقى بوغۇملىرىنىڭ ھەممە ئورۇنلىرىدا كۆرۈلىدۇ.

6. ۋەسىقىلەرنىڭ ئۈزۈك تاۋۇش سىستېمىسىدا ئاساسەن b، p، t، q، h، d، r، z، ž، s، x، ğ، ķ، k، g، ng، l، m، n، w، y قاتارلىق 21 ئۈزۈك تاۋۇش بار. بۇلاردىن b، t، q، s، ķ، k، m، n، y،قاتارلىقلار سۆزنىڭ باش بوغۇمى، ئوتتۇرا بوغۇمى ۋە ئاخىرقى بوغۇمى قاتارلىق ھەممە بوغۇملىرىدا كۆرۈلىدۇ؛ p، d، r، z، ž، x، ğ، g، l، ng، w (چەت تىلدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەردە v ترانسكرىپسىيە قىلىندۇ) قاتارلىقلارنىڭ بەزىلىرى پەقەت چەت تىلدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەردە سۆزنىڭ باش بوغۇمىدا كۆرۈلگەندىن باشقا، ئانا تىلدىكى سۆزلەردە سۆزنىڭ باش بوغۇمىدا كۆرۈلمەيدۇ،

ئەمما، سۆزنىڭ ئوتتۇرا ۋە ئاخىرقى بوغۇملىرىدا كۆرۈلىدۇ. ḥ، قىسمەن چەت تىلدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەردە قوللىنىلىدۇ. مانسۇر ئوغلۇ مەجدۇت ئۆزىنىڭ "قاراخانىلىچە" ("Tarihi Türk Šiveler" 139- بەتكە قارالسۇن) دېگەن ماقالىسىدە، ئۈززۈك تاۋۇشلارنى تۆۋەندىكىدەك بايان قىلغان: b*، j**، q، d، f**، g، ğ، ḥ، h، z*، k، ķ، l، ł***، m، n، ñ، p، r، s، x، t، v**، w، y، z، ḍ. *: قىسمەن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەردە؛ **: پەقەت چەت تىلدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەردە؛ ***: پەقەت تەرجىمە تىلىدىلا قوللىنىلىدۇ" دەپ كۆرسەتكەن. بۇ ئەھۋالنى ۋەسىقىلەرنىڭ تىلىدىكى ئۈززۈك تاۋۇش سىستېمىسى ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۈززۈك تاۋۇش سىستېمىسىغا سېلىشتۇرىدىغان بولساق، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ تاۋۇش سىستېمىسىغا كىرەلمىگەن /ł/، /ḥ/، /f/ قاتارلىق 3 ئۈززۈك تاۋۇش قارىخانىيلار دەۋرىدە چەت تىلدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەردە قوللىنىلىشقا باشلىغان، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا كەلگەندە، تامامەن ئۇيغۇر تىلى فونېما سىستېمىسىدىن ئورۇن ئالغان. ئۇنىڭدىن باشقا، /w/، /h/ قاتارلىق ئىككى ئۈززۈك تاۋۇش، ئانا تىلىمىزدىكى مۇناسىۋەتلىك /b/، /ķ/ قاتارلىق ئىككى فونېمىنىڭ تەرەققىيات ئۆزگىرىشىدە، كېيىنكى دەۋردە مۇستەقىل فونېما بولۇپ شەكىللەنگەن.

7. تۈركىي تىللىرىنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇر تىلىنىڭ تاۋۇش سىستېمىسىدىكى ئۈززۈك تاۋۇشلارنىڭ ئەمەلىي ئىستېمالىدا بەزى تەرەققىياتلار بولغان. خۇسۇسەن چەت ئەل تىللىرىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، قەدىمدە سۆز بېشىدا كەلمەيدىغان d، g، ğ، l، r، z قاتارلىق ئۈززۈك تاۋۇش فونېمىلىرى چەت تىلدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەردە سۆزنىڭ بېشىدا كېلىپ باشقا تاۋۇشلارغا ئوخشاش ئاكتىپ قوللىنىلىدىغان تاۋۇشقا ئايلانغان.

8. تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش قانۇنىيىتىدە، خۇددى باشقا تېكىستلەردە كۆرۈلگەنگە ئوخشاش تىل ئورنى جەھەتتىكى ماسلىشىش بىر قەدەر كۈچلۈك ۋە ئىزچىللىق بولۇپ، ئۇنىڭغا قارىغاندا لەۋ ئورنى جەھەتتىكى ماسلىشىش نىسبەتەن ئاجىزلاشقان. مەسىلەن،

تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى:

سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى:

لەۋلەشمىگەن تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى:

لەۋلەشمىگەن تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇش /a/ نىڭ ماسلىشىشى: adakta [UW116(9-25)/6/17] "ئاداقتا (ئاياقتا)"، ala [UW90(8-4)/3] "ئالا"، qamlasar [UW8(1-8)/18] "جېدەل قىلسا" قاتارلىقلار.

لەۋلەشمىگەن تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇش /ï/ نىڭ ماسلىشىشى: kïltïm [UW100(9-9)/6] "قىلدىم"، kïdïğ [UW88(8-2)/5] "قىرغاق"، bïxïğ [UW82(5-3)/8] "پىششىق" قاتارلىقلار.

لەۋلەشمىگەن تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇش /a/ بىلەن /ï/نىڭ ماسلىشىشى: balïk [UW80(5-1)/14] "شەھەر"، tamğalïğ [UW1(1-1)/5] "تامغىلىق، تامغا بېسىلغان"، tïltağïnta [UW95(9-4)/3] "سەۋەبىدە".

لەۋلەشمىگەن تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى:

لەۋلەشمىگەن تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇش /ə/ نىڭ ماسلىشىشى: bərgə [UW89(8-3)/34] "قامچا"، bəgətlərkə [UW11(1-11)/19] "بەگلەرگە"، kərgək [UW1(1-1)/2] "كېرەك".

لەۋلەشمىگەن تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇش /i/ نىڭ ماسلىشىشى: kiqig [UW89(8-3)/25] "كىچىك"، kidin [UW4(1-4)/5]

"غەربى، ئارقىسى"، kimning [UW95(9-4)/8] "كىمنىڭ".

لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇش /ə/ بىلەن /i/نىڭ ماسلىششى: bədizlig [UW88(8-2)/6] "زىننەتلەنگەن"، birlə [UW3(1-3)/8] "بىللە"، qəqəklikdəki [UW119(9-28)/5] "گۈللۈكتىكى".

لەۋلەشكەن تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ماسلىششى:

لەۋلەشكەن تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇش /o/ بىلەن /u/نىڭ ماسلىششى: bodun [UW87(8-1)/20] "خەلق"، boğuz [UW81(5-2)/2] "بوغۇز، يەم"، borluķ [UW5(1-5)/8] "ئۈزۈملۈك".

لەۋلەشكەن تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇش /u/نىڭ ماسلىششى: ulux [UW100(9-9)/5] "ئۇلۇس"، uluğ [UW3(1-3)/20] "چوڭ، ئۇلۇغ"، turux [UW84(6-2)/8] "تۇرمۇش".

لەۋلەشكەن تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ماسلىششى:

لەۋلەشكەن تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇش /θ/ بىلەن /ü/نىڭ ماسلىششى: θgüz [UW8(1-8)/4] "ئۆستەڭ"، kθngül [UW82(5-3)/23] "كۆڭۈل"، kθprüg#nüng [UW119(9-28)/2] "كۆۋرۈكنىڭ".

لەۋلەشكەن تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇش /ü/نىڭ ماسلىششى: küskü [UW5(1-5)/1] "ساچقان"، kümüx [UW5(1-5)/2] "كۈمۈش"، künlük [UW89(8-3)/21] "كۈنلۈك".

لەۋلەشمىگەن تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇش بىلەن لەۋلەشكەن تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ماسلىششى:

لەۋلەشمىگەن تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇش /a/ بىلەن لەۋلەشكەن تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇش /u/نىڭ ماسلىششى: artuķ

altun [UW11(1-11)/18] "تــــــارتــۇق"، [UW41(3-9)/17] "تالتۇن"، [UW90(8-4)/4] alķuğun "ھەممەيلەن".

لەۋلەشكەن تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇش /o/ ۋە /u/ بىلەن لەۋلەشمىگەن تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇش /ï/نىڭ ماسلىشىشى: [UW111(9-20)/19] bodun#nïng "خــــەلــقــنــىــڭ"، [UW8(1-8)/9] toyïnquğ#nïng "تويىنچۇقنىڭ"، orun#ïn [UW82(5-3)/20] "ئورنىنى".

لەۋلەشكەن تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇش /u/ بىلەن لەۋلەشمىگەن تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇش /ï/نىڭ ماسلىشىشى: tuğmïx#imïz [UW96(9-5)/3] "تــــەۋلادىــمــىــز"، turmïx#nïng [UW16(1-16)/22] "تۇرمىشنىڭ"، yulğuqï [UW8(1-8)/20] "قايتۇرۇپ سېتىۋالغۇچى".

لەۋلەشمىگەن تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇش بىلەن لەۋلەشكەن تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى:

لەۋلەشمىگەن تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇش /ə/ ۋە /i/ بىلەن لەۋلەشكەن تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇش /θ/نىڭ ماسلىشىشى [UW1(1-1)/3] səzləx-$dimiz "سۆزلەشتۇق"، θgən#dəki [UW6(1-6)/3] "تــۆســتــەڭ (بويــ)ــدىكى"، θz#ləri [UW11(1-11)/9] "ئۆزلىرى".

لەۋلەشمىگەن تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇش /ə/ ۋە /i/ بىلەن لەۋلەشكەن تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇش /ü/نىڭ ماسلىشىشى: [UW59(4-12)/8] kəqür-$sərbiz "كەچۈرسەڭ"، təgşin-$türü [UW119(9-28)/2] "تــــايــلانــدۇرۇپ"، üq#əgüning [UW31(2-2)/14] "ئۈچەيلەننىڭ".

لەۋلەشكەن تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇش /ü/ بىلەن لەۋلەشمىگەن تىل

ئالدى سوزۇق تاۋۇش /ə/نىڭ ماسلىششى: tümən [UW1(1-1)/10] "تۈمەن"، tükəl [UW1(1-1)/6] "تولۇق"، üqəgü [UW26(1-26)/7] "ئۈچەيلەن".

لەۋلەشكەن تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇش /θ/ بىلەن لەۋلەشمىگەن تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇش /i/نىڭ ماسلىششى: kθni [UW38(3-6)/13] "دۇرۇس، توغرا"، θl-$di [UW94(9-3)/8] "ئۆلدى"، θz#i [UW2(1-2)/14] "ئۆزى".

لەۋلەشمىگەن تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇش بىلەن لەۋلەشمىگەن تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشنىڭ ماسلىششى:

يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەنلىرىمىز ئومۇمەن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا، جۈملىدىن ۋەسىقىلەرنىڭ تىلىدا كۆرۈلىدىغان ئومۇمىي قانۇنىيەتلەر. بۇنىڭدىن باشقا بەزى بىرىككەن سۆزلەردە، شۇنداقلا سۆزلەرگە تەۋەلىك شەخس ئۇقۇمىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، شەخس ئالماشلىرى ياكى شەخسلىك ھۆكۈم ياردەمچىلىرىنى قوشقاندا يۇقىرىدىكى ماسلىشىشقا بويسۇنمايدىغان بەزى ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلىدۇ. بۇلارمۇ سۆز قۇرۇلمىسىدا كۆرۈلىدىغان تاۋۇشلارنىڭ بىر خىل بىرىكىش مۇناسىۋىتى بولۇپ، بۇ بەردە كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن:

لەۋلەشمىگەن تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇش /a/ بىلەن لەۋلەشمىگەن تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇش /ə/ نىڭ ماسلىششى: alpyəgən [UW49(4-2)/8] "ئالپيەگەن"، bol-$samən [UW58(4-11)/4] "بولسام"، bol-Sğaymən [UW87(8-1)/3] "بولغايمەن"، qamla-#sarmən [UW94(9-3)/8] "جېدەل قىلسام"، id-Smasarmən [UW53(4-6)/5] "ئەۋەتمىسەم".

لەۋلەشمىگەن تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇش /a/ بىلەن لەۋلەشمىگەن تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇش /i/ نىڭ ماسلىششى: ixayğuqi

[UW91(8-5)/24] "تىش باشقۇرغۇچى"، katil-$mazbiz [UW111(9-20)/15] "قىلمايمىز"، sal-$mazbiz [UW111(9-20)/15] "سالمايمىز".

لەۋلەشكەن تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇش بىلەن لەۋلەشكەن تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشنىڭ ماسلىشىشى

لەۋلەشكەن تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇش /u/ بىلەن لەۋلەشكەن تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇش /ü/ نىڭ ماسلىشىشى: bukün [UW3(1-3)/5] "بۈگۈن"، bukünta [UW3(1-3)/9] "بۈگۈن".

ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى: is+tə-Sməzün [UW3(1-3)/13] "تەلەپ قىلىمىزۇن" (ئەمما، is+ḍə-$məzün [UW2(1-2)/16] دېگەن شەكلىمۇ بار، بۇ تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش قائىدىسىگە تازا مۇۋاپىق ئەمەس. ئەسلىدە iz+də- بولسا ئۇيغۇن بولاتتى)، tut-$sar [UW53(4-6)/7] "تۇتسا" (ئەمما، tuḍ-$sarmən [UW82(5-3)/22] دېگەن شەكلىمۇ بار بۇلار تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش قائىدىسىگە تازا مۇۋاپىق ئەمەس)، tüxək#tə [UW103(9-12)/3] "تۆشەكتە".

ھازىرغىچە يېزىلغان مەخسۇس ئەسەرلەر ۋە ئىلمىي ماقالىلەردە پەقەت قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا ۋە ھازىرقى تۈركىي تىللىرىدا تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش قائىدىسىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكى شۇنداقلا سۆز ئۆزەكلىرىگە قوشۇمچە قوشقاندا بۇ خىل تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش قائىدىسىگە مۇۋاپىقلىشىدىغانلىقى تەكىتلەندى. ئەمەلىيەتتە زادى قايسى قوشۇمچىلارنىڭ بۇ خىل تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش قائىدىسىگە ماسلىشىدىغانلىقى، قايسىلىرىنىڭ تولۇق ماسلاشمايدىغانلىقى ياكى پەقەت ماسلاشمايدىغانلىقى ھەققىدە ئېنىق بىر پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇلمىدى. بۇ ۋەسىقىلەرنىڭ تىلىنى تەكشۈرىدىغان بولساق، تۆۋەندىكى قوشۇمچىلار

تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش قائىدىسىگە تولۇق ماسلاشمايدۇ.

---

لەۋلەشمىگەن شەكىلدىلا كۆرۈلىدىغان قوشۇمچىلار:

ئىسىمدىن ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە +qï/+qi: bθz+qi [UW93(9-2)/4] "بۆزچى، توقۇمىچى"، kuduğ+qï [UW24(1-24)/12, 85(7-1)/18] "قۇدۇغچى".

ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە +dax: aṭax bol-$tu$muz [UW100(9-9)/3] "ئاداش (دوست) بولدۇق"، ḳa+dax [UW91(8-5)/11, 18(1-18)/11, 119(9-28)/11] "قولداش".

سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچە +ki: bərü+ki [UW83(6-1)/24] "بۇيانقى"، bükün+ki [UW81(5-2)/9] "بۈگۈنكى"، kün+ki [UW83(6-1)/17] "كۈندىكى"، θngdün+ki [UW96(9-5)/5] "ئالدى تەرىپىدىكى"، = üstün [UW3(1-3)/3] üsḍün+ki [UW43(3-11)/6] "ئۈستۈنكى".

ساندىن سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچە +kil: tθrt+kil [UW88(8-2)/3, 119(9-28)/4] "تۆت بۇرجەكلىك".

پېئىل ياسىغۇچى قوشۇمچە -la/-lə: sθz+lə-x-$dimiz [UW1(1-1)/3] "سۆزلەشتۇق"، sθz+lə-x-$timiz [UW3(1-3)/5] "سۆزلەشتۇق"، sθz+lə-x-$ip [UW91(8-5)/11] "سۆزلىشىپ".

پېئىلدىن ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە +ma/+mə: tuğ-+ma [UW108(9-17)/14/24] "تۇغما"، tuğ-+ma#ning [UW108(9-17)/20] "تۇغمانىڭ".

بۇ ئەسەردە ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدىغان خاس ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە +mïx/+mix: bol-+mïx [UW26(1-26)/20]

"بولمش"، bol-+mïx#nïng [UW15(1-15)/14] "بولمشنىڭ"،
tur-+mïx [UW7(1-7)/18] "تۇرمش"، turmïx#nïng
[UW16(1-16)/22] "تۇرمشنىڭ"، turmïx#ḳa
[UW89(8-3)/14] "تۇرمشقا"، tuğ-+mïx [UW18(1-18)/21,
26(1-26)/2/7] "تۇغمش"، ḳantur-+mïx [UW3(1-3)/22,
97(9-6)/2] "قانتۇرمش"، ḳox-+mïx [UW103(9-12)/2]
"قوشمش"، ḳutad-+mïx [UW3(1-3)/7/10] "قۇتادمش"،
ḳutrul-+mïx [UW80(5-1)/16, 98(9-7)/3] "قۇترۇلمش"،
oz-+mix [UW30(2-1)/25] "ئوزمش"، oz-+mïx#ḳa
[UW6(1-6)/2] "ئوزمشقا"، ɵr-+mix [UW122(9-31)/6]
"ئۆرمش".

پئىلدىن ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە +ğuqï نىڭ ئىككىنچى
بوغۇمىدىكى سوزۇق تاۋۇش: al-+ğuqï [UW108(9-17)/12]
"ئالغۇچى"، al-+ğuqï#ḳa [UW1(1-1)/18] "ئالغۇچىغا"،
ay-+ğuqï#ḳa [UW85(7-1)/3] "مەسلىھەتچىگە"،
qamla-+ğuqï [UW12(1-12)/15] "جېدەل قىلغۇچى"،
olur-+ğuqï [UW1(1-1)/16] "ئولتۇرغۇچى"، yul-+ğuqï
[UW8(1-8)/20] "يۇلغۇچى، قايتۇرۇپ سېتىۋالغۇچى".

ئىسىملارنىڭ كۆپلۈك قوشۇمچىسى: bu#lar [UW23(1-23)/19]
"بۇلار"، bu#larḳa [UW3(1-3)/22] "بۇلارغا"، sɵz#ləri
[UW10(1-10)/15] "سۆزلىرى"، oğul#larï [UW82(5-3)/25]
"ئوغۇللىرى"، oğul#larḳa [UW85(7-1)/2] "ئوغۇللىرىغا"،
onluḳ#lar [UW9(1-9)/11] "ئونلۇقلار"، ɵz#ləri
[UW11(1-11)/9] "ئۆزلىرى"، u#lar [UW30(2-1)/22] "ئۇلار"،
u#larnïng [UW7(1-7)/18] "ئۇلارنىڭ"، u#larḳa

[UW26(1-26)/3] "ئۇلارغا".

تەۋەلىك بىرىنچى شەخس، كۆپلۈك قوشۇمچىسىنىڭ قىسمەن بىرىنچى
بوغۇمىدىكى ۋە ئومۇمەن ئىككىنچى بوغۇمىدىكى سوزۇق تاۋۇش
-ïmïz/#imiz/#umïz/#ümiz: [UW3(1-3)/12] oğul#umïz
"ئوغلىمىز".

تەۋەلىك ئۈچىنچى شەخس قوشۇمچىسىدىكى سوزۇق تاۋۇش
#(s)ï/#(s)i: [UW18(1-18)/4/5] əw#i "ئۆيىدە"، bod#i
[UW85(7-1)/3] "بويى، تېنى"، borluk̦#ïnk̦a
[UW115(9-24)/4] "ئۈزۈملۈككە"، borluk̦#ïnga
[UW91(8-5)/27] "ئۈزۈملۈككە"، [UW6(1-6)/6] bɵz#ingə
"بۆزىگە"، [UW82(5-3)/3/7] tɵrü#si "قانۇنى"، qïrk̦ux#ï
[UW89(8-3)/23] "چىرقۇشى"، [UW91(8-5)/27] suw#ïnga
"سۈيىگە"، [UW91(8-5)/14] suw#ïnïng "سۈيىنىڭ"، sɵzi
[UW82(5-3)/24] "سۆزى"، [UW3(1-3)/24 k̦ayu#sï
"قايسى"، [UW82(5-3)/23] kɵngül#inqə "كۆڭلىدىكى بويىچە"،
[UW105(9-14)/3] kümüx#intə "كۈمۈشىدە"، nəgü#si
[UW92(9-1)/10] "نېمىسى"، [UW82(5-3)/20] orun#ïn
"ئورنىنى"، [UW21(1-21)/2] oğlï "ئوغلى"، oğul#ïnga
[UW92(9-1)/11] "ئوغلىغا"، [UW27(1-27)/18] onluk̦#ï
"ئونلۇقى"، [UW2(1-2)/14] ɵz#i "ئۆزى"، ɵngdün#ində
[UW9(1-9)/2] "ئالدى تەرىپىدە"، ɵngdün#intə
[UW111(9-20)/6] "ئالدى تەرىپىدە".

ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى #nïng/#ning/#nung/#nüng
بەزى ھاللاردا ماسلىشىش قائىدىسىگە ئۇيغۇن شەكىلدە كۆرۈلسىمۇ،
بەزىدە لەۋلەشمىگەن شەكىلدىلا كۆرۈلىدۇ. بۇ تاۋۇشلاردىكى بىر خىل

نۆۋەتلىشىش بولسىمۇ ("تاۋۇشلارنىڭ نۆۋەتلىشىشى"گە قاراڭ)، لېكىن،
لەۋلەشمىگەن شەكلى تۇراقلىشىشقا قاراپ يۈز تۇتقان، كېيىنكى
ئەسەرلەردىمۇ لەۋلەشمىگەن شەكلى كۆپرەك كۆرۈلىدۇ. شۇڭا، بىز يەردىمۇ
كۆرسىتىپ ئۆتتۇق. مەسىلەن، arug#nïng
[UW108(9-17)/13/18/22] "تبارزغنىڭ"، əw#ning
ئىسىمدىن ئىسىم ياسىغۇچى ياكى ئىسىمنىڭ كىچىكلەتمە قوشۇمچىسى +quḳ/+qük: abïq+uḳ [UW3(1-3)/22] "ئابىچۇق"، əni+qük [UW7(1-7)/3/7/9/16] "ئەنىچۈك"، basa+quḳ [UW91(8-5)/8] "باساچۇق"، bay+aquḳ [UW24(1-24)/12] "باياچۇق"، ḳara+quḳ [UW88(8-2)/1] "قاراچۇق".

ئىسىمدىن ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە +qï/+qi: əb+qi [UW22(1-22)/2] "ئۆيچى، ئائىلىگە قارىغۇچى، ئايال"، bөz+qi [UW93(9-2)/4] "بۆزچى، توقۇمىچى"، tor+qï [UW28(1-28)/25] "تورچى"، ḳuduğ+qï [UW24(1-24)/12. 85(7-1)/18] "قۇدۇقچى". بۇنىڭدىن باشقا تۆۋەندىكى سۆزلەردىكى قوشۇمچىلارنىمۇ شۇ تىپقا كىرگۈزۈشكە بولىدۇ: al-+ïm+qï [UW29(1-29)/11] "ئېلىمچى، ئالغۇچى"، bər-+im=birimqi [UW29(1-29)/11] "بېرىمچى، بەرگۈچى".

ئىسىمدىن ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە +dax: aṭax bol-$tu$muz [UW100(9-9)/3] "ئاداش (دوست) بولدۇق"، ḳa+dax [UW91(8-5)/11, 18(1-18)/11, 119(9-28)/11] "قولداش".

ئىسىمدىن ئىسىم ياكى سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچە +lïḳ: ağï+lïḳ [UW3(1-3)/17, 87(8-1)/14] "خەزىنە" arḳa+lïḳ [UW37(3-5)/10, 66(4-19)/44] "كېپىل بولغۇچى"، asïğ+lïğ [UW97(9-6)/2] "پايدىلىق، ئۆسۈملۈك"، ərk+lig [UW2(1-2)/13] "قۇدرەتلىك"، qəqək+lik#dəki [UW119(9-28)/5] "گۈللۈكتىكى، باغدىكى"، ḳut+luğ

[UW125(9-34)/3] "قۇتلۇق"، yoḳ+luğ [UW79(4-32)/4] بوقلۇق.

پېئىلدىن ئىسىم ۋە سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچە +ağ/+aḳ/+əg/+ək/+ïğ/+ïḳ/+ig/+ik/+uğ/+uḳ/+üg/+ük: art-+uḳ [UW41(3-9)/17] "ئارتۇق"، əksü-+k [UW83(6-1)/19] "تۆكسۈك، كەم"، ḳap+ïğ [UW50(4-3)/3] "ئىشىك، دەرۋازا"، yaz+ïḳ? [UW123(9-32)/2]، ya[z|s]uḳ#ḳa [UW82(5-3)/30, 89(8-3)/33] "گۇناھقا".

پېئىلدىن ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە : ḳap-+ğu [UW83(6-1)/13] "قولغا چىقىدىغان نەرسە"، yara-+ğu [UW12(1-12)/12, 27(1-27)/23] "ياراش، لايىقلىشىش"، yar-+ğu [UW82(5-3)/29] "ھۆكۈم".

پېئىلدىن ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە +ğuqï: al-+ğuqï [UW108(9-17)/12] "ئالغۇچى"، ay-+ğuqï#ḳa [UW85(7-1)/3] "مەسلىھەتچىگە"، qamla-+ğuqï [UW12(1-12)/15] "جېدەل قىلغۇچى" yul-+ğuqï [UW8(1-8)/20] "يۇلغۇچى، قايتۇرۇپ سېتىۋالغۇچى".

پېئىلدىن ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە +ma/+mə: tuğ-+ma [UW108(9-17)/14/24] "تۇغما"، tuğ-+ma#nïng [UW108(9-17)/20] "تۇغمانىڭ".

پېئىلدىن ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە +mïx/+mix: bol-+mïx [UW26(1-26)/20] "بولمىش"، tur-+mïx [UW7(1-7)/18] "تۇرمىش"، tuğ-+mïx [UW18(1-18)/21, 26(1-26)/2/7] "تۇغمىش"، ḳantur-+mïx [UW3(1-3)/22, 97(9-6)/2] "قانتۇرمىش"، ḳutad-+mïx [UW3(1-3)/7/10] "قۇتادمىش".

پېئىلدىن ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە +ïm/+im: al-+ïm
[UW37(3-5)/8, 43(3-11)/10] "ئېلىم، باج"، bər-+im
[UW37(3-5)/9, 38(3-6)/9] "بېرىم، باج"، yar-+ïm
[UW11(1-11)/5] "يېرىم". ئۇنىڭدىن باشقا bari-+m
[UW82(5-3)/16] "بارلىق مال - دۇنيا" دېگەن سۆزنىڭ بىلتۈرىشىمۇ
خېلى كۆپ تىلشۇناسلار پېئىل (-bari "بىنا قىلماق، بەرپا قىلماق،
ياراتماق") دەپ قارايدۇ، تەبىي بۇنى يەنە ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ.
ئىسىمدىن سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچە +sïz/+siz/+suz/+süz:
[UW2(1-2)/8] əksü-+k+süz "كەمكۈتسىز، تولۇق"، song+suz
[UW4(1-4)/23] "سوڭسىز"، [UW2(1-2)/19] ḳor+suz
"زىيانسىز"، [UW19(1-19)/5] ig+siz "كېسەلسىز، ساق"
سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچە +ḳï/+ki: altïn+ḳï
[UW30(2-1)/7/22] "ئاستىنقى"، [UW83(6-1)/24] bərü+ki
"بۇيانقى"، [UW81(5-2)/9] bükün+ki "بۈگۈنكى"، kün+ki
[UW83(6-1)/17] "كۈندىكى"، [UW96(9-5)/5] θngdün+ki
"ئالدى تەرەپتىكى"، [UW3(1-3)/3] üstün ـ üsḍün+ki
[UW43(3-11)/6] "ئۈستۈنكى".
پېئىلدىن سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچە +ïn/+in/+un/+ün/+n:
[UW24(1-24)/13] büt-+ün "پۈتۈن، تولۇق".
ساندىن سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچە +kil: tθrt+kil
[UW88(8-2)/3, 119(9-28)/4] "تۆت بۇرجەكلىك".
ئالماشتىن ئالماش ياسىغۇچى قوشۇمچە +ğun: alḳu
[UW85(7-1)/4]+ğun [UW90(8-4)/4] "ھەممە".
تۈرغۇن سۆزدىن پېئىل ياسىغۇچى قوشۇمچە -la/-lə:
[UW8(1-8)/17] qam+la-Smazun "دە - ئالاش قىلمىسۇن"،

söz+lə-x-$dimiz [UW1(1-1)/3] "سۆزلەشتۇق"، söz+lə-x-$timz [UW3(1-3)/5] "سۆزلەشتۇق"، söz+lə-x-$ip [UW91(8-5)/11] "سۆزلىشىپ"، igə+lə-$p [UW92(9-1)/8] "ئىگىلەپ، ئىگە بولۇپ"، ig+lə-$mixtə [UW88(8-2)/1] "كېسەل بولغاندا"

تۆرغۇن سۆزدىن پېئىل ياسىغۇچى قوشۇمچە -da/-də: tïl+da-$mayïn [UW108(9-17)/9/15] "باھانە - سەۋەب كۆرسەتمەي"،

6. بۇ ۋەسىقىلەرنىڭ تىلىدا ئاھاڭداش سۆزلەر ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇلارنىڭ خېلى كۆپ بىر قىسمى ئادەتتىكى ئىسىملارنىڭ خاس ئىسىم يەنى ئادەم ۋە يەر ئىسمى ئورنىدا قوللىنىلىشى ئارقىلىق ھاسىل بولغان. مەسىلەن، apa [UW13(1-13)/2] "ئاپا" (ئادەم ئىسمى)، apa [UW122(9-31)/6] "ئانا - بوۋا" (ئادەتتىكى ئىسىم)؛ adak̡ [UW117(9-26)/3] "ئاداق" (ئادەم ئىسمى)، adak̡ [UW116(9-25)/6/17] "ئاداق" (يەر ئىسمى)، adak̡ [UW7(1-7)/21] "ئاياغ، پۇت" (ئادەتتىكى ئىسىم)؛ arïğ [UW63(4-16)/8] "ئارىغ" (ئادەم ئىسمى)، arïğ [UW64(4-17)/3] "ئېرىغ، پاكىز" (سۈپەت)؛ asïğ [UW18(1-18)/23] "ئاسىغ" (ئادەم ئىسمى)، asïğ [UW53(4-6)/6] "پايدا، ئۆسۈم" (ئادەتتىكى ئىسىم)؛ alp [UW29(1-29)/23] "ئالپ" (ئادەم ئىسمى)، alp [UW81(5-2)/3] "قىيىن، مۈشكۈل" (سۈپەت)؛ altmïx [UW87(8-1)/6] "ئالتمىش" (ئادەم ئىسمى)، altmïx [UW26(1-26)/5] "ئاتمىش" (سان)، ay [UW93(9-2)/3] "ئاي" (ئادەم ئىسمى)، ay [UW1(1-1)/1] "ئاي" (ئادەتتىكى

ئىسىم)، ədgü [UW3(1-3)/8] "ئەدگۈ" (ئادەم ئىسمى)، ədgü
[UW82(5-3)/21] "ياخشى" (سۈپەت)؛ ər [UW2(1-2)/21]
"ئەر" (ئادەم ئىسمى)، ər [UW10(1-10)/4] "ئەر، ئەر كىشى،
ئادەم" (ئادەمتىكى ئىسىم)؛ barqa [UW110(9-19)/10] "بارچا"
(ئادەم ئىسمى)، barqa [UW92(9-1)/7] "بارلىق، ھەممە"
(ئالماش)؛ bars [UW10(1-10)/21] "بارس" (ئادەم ئىسمى)،
bars [UW66(4-19)/1] "يولۋاس" (ئادەتتىكى ئىسىم)؛ basa
[UW5(1-5)/3] "باسا" (ئادەم ئىسمى)، basa [UW85(7-1)/2]
"ئەگەشمە، كەينىدىن" (رەۋىش)؛ buyan [UW9(1-9)/21] "بويان"
(ئادەم ئىسمى)، buyan [UW86(7-2)/10] "ساۋاب، ئەخلاق -
پەزىلەت" (بۇددىزم ئاتالغۇسى)؛ tax [UW1(1-1)/3] "تاش" (ئادەم
ئىسمى)، tax [UW13(1-13)/9] "تاش" (ئادەتتىكى ئىسىم)، tax
[UW45(3-13)/12] "تاشقىرى" (ئادەتتىكى ئىسىم)؛ ķaxuķ
[UW75(4-28)/7] "قاشۇق" (ئادەم ئىسمى)، ķaxuķ
[UW88(8-2)/10] "قوشۇق" (ئادەتتىكى ئىسىم)؛
ķïz[UW21(1-21)/16] "قىز" (ئادەم ئىسمى)، ķïz
[UW23(1-23)/3] "قىز" (ئادەتتىكى ئىسىم)؛ ķoyn
[UW44(3-12)/6] "قوي" (ئادەم ئىسمى)، ķoyn
[UW2(1-2)/1] "قوي" (ئادەتتىكى ئىسىم)؛ oğlan
[UW17(1-17)/11] "ئوغلان" (ئادەم ئىسمى)، oğlan
[UW87(8-1)/12] "ئوغۇل بالا" (ئادەتتىكى ئىسىم)؛ otuz
[UW93(9-2)/7] "ئوتتۇز" (ئادەم ئىسمى)، otuz#ķa
[UW3(1-3)/1] "ئوتتۇز" (سان)؛ θz [UW96(9-5)/4] "ئۆز"
(ئادەم ئىسمى)، θz [UW5(1-5)/2] "ئوتتۇز" (ئالماش)؛ uluğ
[UW9(1-9)/2/11] "ئۇلۇغ" (ئادەم ئىسمى)، uluğ

[UW5(1-5)/9] "تىزلۈغ، چوڭ" (سۈپەت)؛ yalawaq [UW81(5-2)/15] "يالاۋاچ" (ئادەم ئىسمى)، yalawaq [UW10(1-10)/13] "تەلچى" (ئادەتتىكى ئىسىم).

## گرامماتىكا جەھەتتە

گرامماتىكا تىلنى تەشكىل قىلغۇچى ئۈچ ئامىلنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن تىلنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا ئۆزىنىڭدىمۇ بەزى ئۆزگىرىشلەر بولماي قالمايدۇ. تەبىئىيكى تىلنىڭ تەركىبى قىسمى بولغان گرامماتىكا سىستېمىسىدىكى ئۆزگىرىشلەر تىلنىڭ باشقا تەركىبى قىسمى يەنى فونېتىكا ۋە لېكسىكا جەھەتتىكى ئۆزگىرىشلەرگە قارىغاندا خېلى ئاستا بولىدۇ. بۇ ۋەسىقىلەر تىلىدا ئەكس ئەتكەن گرامماتىكىلىق هادىسىلەرنى هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ گرامماتىكا سىستېمىسى بويىچە سېلىشتۇرۇپ تۆۋەندىكىچە بايان قىلىپ ئۆتىمىز. ئاخىرىدا بۇ هادىسىلەرنى ئۇنىڭ ۋارىسى بولغان هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى بىلەن سېلىشتۇرغان هالدا بىرقانچە جەھەتتىن خۇلاسىلاپ ئۆتىمىز.

بۇ دەۋرنىڭ تىلىدا ئەكس ئەتكەن مۇھىم گرامماتىكىلىق كاتېگورىيىلەر ۋە ئۇلارنىڭ شەكىللىرى تۆۋەندىكىچە:

### ئىسىم

ئىسىملارنىڭ كۆپلۈك قوشۇمچىسى #lar/#lər: sθz#ləri [UW10(1-10)/15] "سۆزلىرى"، oğul#lari [UW82(5-3)/25] "ئوغۇللىرى". ئىسىملارنىڭ كۆپلۈك قوشۇمچىسى قوشۇلمىغان شەكلى هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكىگە ئوخشاش بىرلىك شەكلى هېسابلىنىدۇ.

تەۋەلىك بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى

əlig#im ، apa#m [UW122(9-31)/6] :-ïm/#im/#um/#üm
ini#m iqi#m ḳa#m ḳadax#ïm ، "قولۇم" [UW89(8-3)/36]
uruğ#um ، "ئىنىم، ئاكام، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىم" [UW1(1-1)/12]
yüzlük#üm ، "ئۇرۇق - ئەۋلادىم" [UW16(1-16)/12]
yir#im [UW1(1-1)/2] ، "يۈزلۈكۈم" [UW16(1-16)/13]
"يېرىم".

تەۋەلىك بىرىنچى شەخس، كۆپلۈك قوشۇمچىسى
oğul#umïz [UW3(1-3)/12] :-ïmïz/#imiz/#umïz/#ümiz
mən yrp yanga-nïng ədgününg iqi#miz ، "ئوغلىمىز"
ini#miz ḳa#miz ḳaṭax#ïmïz oğul#umïz ḳïz#ïmïz
"مەن يارپ ayïtmazun istəməzün [UW3(1-3)/11-13]
ياڭانىڭ (ۋە) ئەدگۈنىڭ ئاكىمىز، ئىنىمىز، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىمىز، ئوغۇل -
قىزلىرىمىز (يەرنى) سورىمىسۇن، تەلەپ قىلمىسۇن".

تەۋەلىك ئىككىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى
turï birim#ingni mən birürmän, :-ïng/#ing/#ung/#üng
borlukḳ өṣgə kixi kөgürməzmən timix üqün
[UW110(9-19)/9] "تۆرى قەرزىڭنى مەن تۆلەپ بېرىمەن،
ئۈزۈملۈككە باشقا كىشنى ئىگە قىلمايمەن دېگەنلىكى ئۈچۈن".

تەۋەلىك ئىككىنچى شەخس، كۆپلۈك قوشۇمچىسى
-ïnglar/#inglər/#uunglar/#ünglər: بۇ ۋەسىقىلەردە كۆرۈلمەيدۇ.

əw#i :#(s)ï/#(s)i تەۋەلىك ئۈچىنچى شەخس قوشۇمچىسى
"بويى" bod#i [UW85(7-1)/3] ، "ئۆيى" [UW18(1-18)/4/5] ،
sөzi ، "قانۇن بويىچە" tөrü#si [UW82(5-3)/3/7]
"سۆزى". [UW82(5-3)/24]

كېلىش قوشۇمچىلىرى:

باش كېلىش ئۆز شەكلى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، tanuķ suwan totuķ. tanuķ küq bağlïğ. tanuķ burhan ķulï, tanuķ wažir tonga. bu tamğa biz oşmïxnïng, tükəlning ikigününg ol [UW6(1-6)/21] "گۇۋاھچى سۇۋان تۇتۇق، گۇۋاھچى كۈچ باغلىغ، گۇۋاھچى بۇرخان قۇلى، گۇۋاھچى ۋازىر تونگا. بۇ تامغا بىز ئوزمىش (ۋە) تۈكەل ئىككىيلەننىڭدۇر".

ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى #nïng/#ning/#nung/#nüng: aruğ#nïng [UW108(9-17)/13/18/22] "ئارۇغنىڭ"، əw#ning [UW18(1-18)/2] "ئۆينىڭ"، bodun#nïng [UW111(9-20)/19] "خەلقىنىڭ"، borluķ#nïng [UW10(1-10)/5/6] "ئۈزۈملۈكنىڭ"، oğul#umnïng [UW46(3-14)/6] "ئوغلۇمنىڭ"، ud#nïng [UW84(6-2)/11] "ئۇينىڭ".

چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى #ïğ/#ïķ/#ig/#ik/#uğ/#uķ/#ig/#ik/#ğ/#ķ/#g/#k (ئادەتتە ئىسىملارنىڭ تەۋەلىك شەخس قوشۇمچىلىرى قوشۇلمىغان، ئەمما، كۆپلۈك قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلەنگەن، ياكى سانلار بىلەن ئېنىقلانغان ئۆزەك شەكلىگە قوشۇلىدۇ): tawar#ïğ [UW88(8-2)/2] "تاۋارنى، مال - دۇنيانى"، bu yüz ķanpu#ğ [UW1(1-1)/5] "بۇ يۈز قانپۇنى"، ķ(a)rabax#ïğ [UW19(1-19)/11] "قۇلنى"، kümüx#üg [UW5(1-5)/5] "كۈمۈشنى".

چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى #nï/#ni (كۆپىرەك ئىسىملارنىڭ تەۋەلىك شەخس قوشۇمچىلىرى قوشۇلغان، ئەمما، كۆپلۈك قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلەنمىگەن ئۆزەك شەكلىگە قوشۇلىدۇ. ئەمما، كېيىنكى

دەۋرلەردە بۇ خىل شەكلى قېلىپلىشىپ، ئىسىمنىڭ بىرلىك شەكلىگىمۇ ۋە كۆپلۈك شەكلىگىمۇ قوشۇلىدىغان بولغان): tawar#nï [UW90(8-4)/6] "تاۋارنى، مال - دۇنيانى"، əw#imni [UW87(8-1)/5] "ئۆيۈمنى"، borluk#nï [UW110(9-19)/18] "ئۈزۈملۈكنى"، borluk#umnï [UW5(1-5)/2] "ئۈزۈملۈكۈمنى"، bøz#ni [UW9(1-9)/10] "بۆزنى، رەختنى"، karabax#imnï [UW22(1-22)/2] "قۇللۇمنى"، karabax#imün [UW21(1-21)/3] "قۇللۇمنى" (بۇ يەردە ئىملا قائىدىسىگە ئۇيغۇن بولمىغان ھالدا كۆرۈلىدۇ)، kümüx#ni [UW22(1-22)/4] "كۈمۈشنى"، oğul#nï [UW82(5-3)/10] "ئوغۇلنى"، oğul#umnï [UW83(6-1)/29] "ئوغلۇمنى".

چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى #n (بۇ شەكلى ئاساسەن ئۈچىنچى شەخستە كەلگەن ئىسىملارنىڭ ئاخىرىغا ئۇلىنىدۇ): borluk#ï#n [UW112(9-21)/4] "ئۈزۈملۈكىنى"، kümüx#i#n [UW5(1-5)/3] "كۈمۈشىنى"، satïğ#ïn [UW1(1-1)/3] "باھاسىنى"، küq#in tutup [UW2(1-2)/16] "كۈچىنى تۇتۇپ، كۈچىگە تايىنىپ".

ۋاسىتە كېلىش قوشۇمچىسى #ïn/#in/#n: ay#ïn [UW64(4-17)/6] "ئايدا" (ۋاسىتە كېلىشتەن ئىسىم ۋاقىتنى بىلدۈرۈپ كەلگەن)، bu bitigni mən buyan təmür øz ilig#in bitiyü təgintim [UW119(9-28)/17] "بۇ ھۆججەتنى مەن بۇيان تەمۈر ئۆز قولۇم بىلەن يازدىم".

ئورۇن كېلىش قوشۇمچىسى #da/#ta/#də/#tə: ay#ta [UW56(4-9)/3] "ئايدا"، əlig#tə [UW91(8-5)/17] "قولدا"، əw#də [UW96(9-5)/2] "ئۆيدە"، borluk#ta

[UW11(1-11)/4] "تۈززۈملۈكتە"، borluḳ#umta
[UW89(8-3)/12] "تۈززۈملۈكۈمدە"، suw#ta
[UW116(9-25)/3] "سۇدا"، kümüx#tə [UW104(9-13)/3]
"كۈمۈشتە"، kün#tə [UW1(1-1)/6] "كۈندە"، orun#ta
[UW103(9-12)/3] "تورۇندا"، ilig#də [UW9(1-9)/9] "قولدا"،
ilig#tə [UW16(1-16)/2] "قولدا".

تۇرۇن - بەلگە كېلىش قوشۇمچىسى #daḳï/#taḳï/dəki/#təki:
ağïz#taḳï [UW119(9-28)/3] "ئېغىزدىكى"، əw#üm#təki
[UW82(5-3)/14] "ئۆيۈمدىكى"، bax#ïndaḳï [UW9(1-9)/4]
"بېشىدىكى"، quğ#daḳï [UW119(9-28)/4] "تورمانلىقتىكى"،
qükü#təki [UW7(1-7)/2/25] "چۈكۈزدىكى"، samdukü#təki
[UW62(4-15)/8] "سامدۇكۇزدىكى"، suw#taḳï
[UW36(3-4)/4] "سۇدىكى (دەريا بويىدىكى)"، uyğur uruğ
ḳadax ükẓintə sɵzləxip, atamïznïng ülüx bitigindəkiqə...
[UW91(8-5)/11] "ئۇيغۇر ئۇرۇق-تۇغقانلىرىمىزنىڭ ئالدىدا
سۆزلىشىپ، ئاتىمىزنىڭ مىراس بۆلۈش پۈتۈكى (ۋەسىيەتنامىسى)دىكى
بويىچە". بۇ ۋەسىقىلەردە تۇرۇن-بەلگە كېلىش ۋە تەكلەشتۈرمە كېلىش
قوشۇمچىسى قاتلىنىپ كەلگەن.

چىقىش كېلىش قوشۇمچىسى #dïn/#din/#tïn/#tin: badrun#tïn
[UW70(4-23)/4] "بادرۇندىن"، bədrüz#tin
[UW29(1-29)/2] "بەدرۈزدىن"، qïrḳux#tïn
[UW11(1-11)/4] "چىرقۇشتىن"، təmür#tin
[UW28(1-28)/5] "تۆمۈردىن"، ḳayïmtu#tïn
[UW60(4-13)/4] "قايىمتۇدىن"، kün#tin [UW11(1-11)/7]
"كۈندىن". بۇ قوشۇمچە كۆپرەك يۇقىرى سۈزۈك تاۋۇشلۇق شەكىلدە

كەلسىمىز، قىسمەن جايلاردە تۆۋەن سوزۇق تاۋۇشلۇق شەكىلدىمۇ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، tonga#tan [UW51(4-4)/2] "توڭادىن".

يۆنىلىش كېلىش قوشۇمچىسى #ğa/#ka/#gə/#kə: ağïlïk#ka [UW11(1-11)/18] "خەزىنىگە"، ədgü#kə [UW3(1-3)/2] "ئەدگۈگە"، əniqük#kə [UW23(1-23)/13] "ئەنىچۈككە"، əw#kə [UW12(1-12)/13] "ئۆيگە"، bodun#ka [UW12(1-12)/12] "خەلققە"، borluk#ka [UW85(7-1)/3] "ئۈزۈملۈككە"، bøz#kə [UW7(1-7)/5] "بۆزگە، رەختكە"، təmür#kə [UW43(3-11)/13] "تۆمۈرگە".

چىقىش كېلىش قوشۇمچىسى #ğïqa/#kïqə/#giqə/#kiqə (ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇ قوشۇمچە ئەسلىدە پېئىلنىڭ ئىسىمداش قوشۇمچىسى $ğï/$kï/$gi/$ki شەكلىگە تەگلەشتۈرمە كېلىش بىلەن شەكىلداش ۋە مەنە جەھەتتىنمۇ ناھايىتى يېقىن بولغان #qa/qə قوشۇلۇپ ياسالغان. بۇنىڭ مۇشۇنداق ئىككى خىل قوشۇمچىنىڭ قوشۇلۇشىدىن كەلگەنلىكىنى بۇ ۋەسىقىلەردە بۇ خىل قوشۇمچە قوشۇلغان سۆز ئۆزەكلىرىنىڭ ئەسلىدە پېئىل ئىكەنلىكى ئىسپاتلايدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن بۇ ئىككى خىل قوشۇمچىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قوشۇلغان ياردەمچى تاۋۇش -n- ئىسپاتلايدۇ. بۇ ياردەمچى تاۋۇش ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا، باشقا كېلىش قوشۇمچىلىرىدىمۇ قاراپ كەتكەن): üq yïl tügə-$mə$gi$n$qə [UW83(6-1)/23] "ئۈچ يىل تۈگىمىگۈچە"،

ئوخشاتما كېلىش قوشۇمچىسى #dək/#tək (بۇ ۋەسىقىلەردە تىركەلمە ئورنىدا، يەنى قوشۇمچە ئەمەس، بەلكى سۆز ئورنىدا قوللىنىلغان، مەنىسىنى كۆرسىتىشكە قولايلىق بولسۇن دەپ بۇ يەردە بايان قىلدۇق): əw təg yoğun ix [UW84(6-2)/7,

110(9-19)/4] "ئۆيدەك چوڭ ئىشلار، ئۆي (سېلىشقا) ئوخشاش چوڭ ئىشلار"، (بۇ پەقەت ئىككىلا يەردە قوللىنىلغان).

تەكلەشتۈرمە كېلىش قوشۇمچىسى #qa/#qə: bul-ğu#qa [UW82(5-3)/16] "ئېرىشكۈچىلىك، قولغا چىققۇچىلىك"، təng#inqə [UW6(1-6)/16] "تەڭلىكتە"، apam birɵk bu oğulnïng küqin alïp. bodka təgmixtə orunïn yigin kïlmayïn ədgü tuḍmayïn kodï asïra kixi#qə tuḍsarmən. kayuka barsar. ɵz kɵngül#i#n#qə tap#i#n#qa barşun [UW82(5-3)/19-22] "ئەگەر (مەن سۆزبىاق) بۇ ئوغۇلنىڭ كۈچىنى ئىشلىتىپ، بويىغا يەتكەندە ئورنى - قەدرىنى قىلماي، ياخشى (مۇئامىلە) قىلماي، (ئۇنى) پەس - تۆۋەن (تەبىقىدىكى) كىشىدەك (كۆرۈپ) مۇئامىلە قىلسام، قاياققا بارغۇسى كەلسە، ئۆز كۆڭۈل - خاھىشى بويىچە (خالىغان يېرىگە) بارسۇن".

تۆۋەندىكىدەك تىركەلمىلەر قوللىنىلدۇ:

birlə: birlə [UW47(3-15)/13] "بىرلىكتە، بىللە"، mən yrp yanga ədgü birlə tükəl altïmz [UW3(1-3)/8] "مەن يارپ ياڭا ئەدگۈ بىلەن بىرلىكتە ساق ئالدۇق".

bilə: iqim kanquk bilə tüz ülüxlüg [UW2(1-2)/3-4] "ئاكام قانچۇق بىلەن تەڭ بۆلۈشكەن".

təgi: ming yïl tümən küngə ḍəgi [UW5(1-5)/12] "مىڭ يىل تۈمەن كۈنگە قەدەر (مەڭگۈ)".

üzə: üstün ɵgən üzə suwaklïğ [UW3(1-3)/3] "يۇقىرىقى ئۆستەڭ بىلەن سۇغىرىلىدىغان"، bitig kïlmïx kün üzə [UW3(1-3)/7] "بۇ ھۆججەت تۈزۈلگەن كۈنى".

ئورۇن تەرەپ ئىسىملىرىنىڭ قوللىنىلىشى: bu yirning sïqïsï: ongdün yïngak burhan kulïnïng θrdgün, kündin yïngak uluğ yol, kidin yïngak tangutnung yir, tağtïn yïngak buyanquknung θtdgün adïrar [UW6(1-6)/17-20] "بۇ يەرنىڭ پاسىلىنى شەرقىي تەرەپتىن بۇرخان قۇلىنىڭ خامىنى، جەنۇب تەرەپتىن چوڭ يول، غەرب تەرەپتىن تاڭۇتنىڭ يېرى، شىمال تەرەپتىن بويانچۇقنىڭ خامىنى ئايرىيدۇ". altïn [UW18(1-18)/4] "ئاستىن"، kodï asïra [UW82(5-3)/21] "ئاستىنى، تۆۋەن"، iq#indin [UW108(9-17)/5] "ئىچىدىن"، iq#gərü [UW87(8-1)/14] "ئىچىگە".

سۈپەت

باشقا ژانىردىكى ئەسەرلەرنىڭ تىلىغا سېلىشتۇرغاندا، ۋەسىقىلەرنىڭ تىلىدا سۈپەتلەر خېلىلا ئاز قوللىنىلغان، خۇسۇسەن دەرىجىلىك سۈپەتلەر تېخىمۇ ئاز قوللىنىلغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە دەرىجىلىك سۈپەتلەر قوللىنىلغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ سۈپەت دەرىجىلىرى بىلەن تۈرلىنىشى يوق دېيەرلىك. بۇ ۋەسىقىلەرنىڭ تىل جەھەتتىكى بىر ئالاھىدىلىكى بولسا كېرەك.

ئەسلى دەرىجىدە كەلگەنلىرى: ağïr [UW80(5-1)/15. "ئېغىر"، ak [UW27(1-27)/22. 90(8-4)/3] 87(8-1)/2] "ئاق".

سان

ئاددىي سان: bir [UW1(1-1)/1] "بىر"، iki [UW1(1-1)/4] "ئىككى"، üq [UW3(1-3)/1] "ئۈچ"، tθrt

[UW14(1-14)/1] "تۆت"، bix [UW14(1-14)/1/3/6]
بەش"، altï [UW5(1-5)/1] "ئالتە"، yiti [UW3(1-3)/3]
بەشىنچە"، səkiz [UW4(1-4)/3] "سەككىز"، toķuz
[UW8(1-8)/5] "توققۇز"، on [UW11(1-11)/1] "ئون"، on
bir "بىر"، ygrmi#kə [UW7(1-7)/1] "يىگىرمىنچى (كۈنى)"،
otuz [UW2(1-2)/6/7] "ئوتتۇز"، əlig [UW22(1-22)/3/16]
ئەللىك"، yüz [UW1(1-1)/5] "يۈز"، ming [UW1(1-1)/10]
مىڭ". tümən [UW1(1-1)/10] "تۈمەن".

مۇرەككەپ سان: قەدىمدە ئۇلار خانىسىدىن يۇقىرى سانلارنىڭ ياسىلىشى ۋە ئاتىلىشى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىن خېلىلا پەرقلىق ئىدى، يەنى قەدىمدە، ئۇلار خانىسىدىن يۇقىرى ھەر خانا ئوتتۇرىسىدىكى سانلار ھەر خانىدىن يۇقىرى سان ئالدىدا چوڭ خانا سان ئارقىدا كېلىپ ياسالغان، بۈگۈن بولسا چوڭ خانا سان ئالدىدا، پارچە سان ئارقىدا كېلىپ ياسىلىدىغان بولغان. مەسىلەن، on altï#ķa
[UW11(1-11)/1] "ئون ئالتىنچى كۈنى"، bir ygrminq ay
[UW6(1-6)/1] "ئون بىرىنچى ئاي"، on üq [UW27(1-27)/6]
"ئون ئۈچ"، bix ygrmi [UW19(1-19)/1] "ئون بەش"، səkiz
ygrmi#kə [UW8(1-8)/1] "ئون سەككىزىنچى (كۈنى)"، toķuz
yərgmi [UW50(4-3)/1] "ئون توققۇز"، üq otuz#ķa
[UW3(1-3)/1] "يىگىرمە بەشىنچى (كۈنى)"، altï otuz
[UW24(1-24)/1] "يىگىرمە ئالتە"، toķuz oḍuz
[UW45(3-13)/4] "يىگىرمە توققۇز"، yiti əlig
[UW21(1-21)/4] "قىرق يەتتە"، səkiz on [UW12(1-12)/5]
"سەكسەن"، yüz iki [UW9(1-9)/6/7] "يۈز ئىككى (باغلىق)"،
iki yüz [UW125(9-34)/2] "ئىككى يۈز"، üq yüz bəx otuz

[UW2(1-2)/5/7] "ئۈچ يۈز يىگىرمە بەش"، üq ming iki yüz ølig [UW3(1-3)/6] "ئۈچ مىڭ ئىككى يۈز ئەللىك"، üq ming bix yüz [UW4(1-4)/6] "ئۈچ مىڭ بەش يۈز".

تەرتىپ سان: تەرتىپ سان قوشۇمچىسى #inqï/#inqi/#unqï/#ünqi: on#ïnq [UW57(4-10)/4] "ئونىنچى"، biš#inq [UW78(4-31)/6] "بەشىنچى". تەرتىپ سانلارنىڭ ياسىلىشىدىمۇ ئاز - تولا پەرق بولۇپ قەدىمكى #inq/#unq/#ünq ياكى #int قوشۇمچىلىرىنىڭ ئارقىسىغا i تاۋۇشى قوشۇلۇپ ھازىر #inqi/#nqi بولۇپ قېلىپلاشقان. م:

| ۋەسىقىلەردە | ھازىر |
|---|---|
| aram [UW63(4-16)/1] ~ birinq | birinqi |
| ikinti [UW27(1-27)/1]~ikinq | ikkinqi |
| üqünq [UW26(1-26)/1] | üqünqi |
| tørtünq [UW8(1-8)/1] | tørtinqi |
| bəxinq~ bixinq [UW11(1-11)/1] | bəxinqi |
| altïnq [UW4(1-4)/1] | altinqi |
| yətinq ~ yitinc [UW96(9-5)/1] | yəttinqi |
| səkizinq [UW24(1-24)/1] | səkkizinqi |
| toḳuzunq [UW55(4-8)/1] | toḳḳuzinqi |
| onïnq [UW23(1-23)/1] ~ onunq [UW95(9-4)/1] | oninqi |
| bir ygrminq [UW80(5-1)/1] | on birinqi |
| q(a)hx(a)put[UW98(9-7)/1] | on ikkinqi |

ۋەسىقىلەردە يىل (yïl)، ئاي (ay) ۋە كۈن (kün) سۆزى ھازىرقىغا ئوخشاش قوللىنىلغاندىن باشقا، كالىندار ھېسابىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن 12 مۈچەل ھېسابى ناھايىتى كەڭ قوللىنىلغان. ئۇلار

تۆۋەندىكىچە: küskü (ساچقان يىلى)، ud (ئۆي يىلى)، bars
(يولۋاس يىلى)، tawïxğan (توشقان يىلى)، lu (ئەجدىرھا يىلى)،
yïlan (يىلان يىلى)، yunt (ئات يىلى)، ḳoyn (قوي يىلى)،
biqin (مايمۇن يىلى)، taḳïğu (توخۇ يىلى)، it (ئىت يىلى)،
tonguz (توڭگۇز يىلى). بۇنىڭدىن باشقا بىرىنچى ئاي ئۈچۈن aram
ۋە ئون ئىككىنچى ئاي ئۈچۈن qahxaput ~ qahxapat ئاتالغۇلىرى
قوللىنىلغان. ئاي ۋە كۈنلەرنى ئىپادىلەش ئۈچۈن رەقەم سانلىرىنىڭ يېزىق
شەكىللىرىنىڭ ئاخىرىغا دەرىجە سان قوشۇمچىسى "ىنتى/ ىنچ/ ئۈنچ"
قاتارلىق قوشۇمچىلارنى قوشۇش ئورنىغا يۇقىرىدىكى مۇچەل ئىسىملىرى
قوشۇلغان، كۈننى ئىپادىلەش ئۈچۈن سان ئاخىرىغا "yangï#ḳa
[UW78(4-31)/2] " دېگەن سۆز قوللىنىلغان. مەسىلەن، qahxaput
[UW1(1-1)/1] ay bir yangïḳa "ئون ئىككىنچى ئاينىڭ بىرىنچى
كۈنى" قاتارلىقلار.

تەقسىم سان، قوشۇمچىسى #ar/#ər: arḳïxtïn ïdmasarmən
bir#ər ay bir#ər bθz asïğï birlə kθni birürmən
[UW53(4-6)/5-7] "ئەگەر كارۋاندىن ئېۋەتىپ بېرەلمىسەم،
(كېچىكتۈرگەن) ھەر ئايغا بىر (توپتىن؟) بۆزنى ئۆسۈم قىلىپ قوشۇپ
ساق بېرىمەن"، [UW19(1-19)/3] on#ar "ئوندىن"، on#arḳa
[UW45(3-13)/4] "(ھەر) ئون كۈنلۈكىنى"، tθrḍ#ər
[UW89(8-3)/29] "تۆتتىن"، biz sïsï kθrü-kə ikəgü-kə bθz
kərgək bolup oḳuy-tïn üqər bθz aldïm-mïz küz yangï-ḳa
alḍïrar bθz-ni kθni biri<r>biz [UW59(4-12)/3-9] بىز
سىسى (ۋە) كۆرۈ ئىككىلەنگە بۆز كېرەك بولۇپ، ئوقۇيدىن ھەر
بىرىمىز ئۈچ (توپ؟) بۆز ئالدۇق. كۈزنىڭ باشلىرىدا ھەر بىرىمىز ئالتە
(توپ) بۆزنى تولۇق بېرىمىز.

بەزىدە مۆرەككەپ سانلارنىڭ تەركىبىدىكى سانلارغا قوشۇلۇپ كېلىپ، تەقسىم سان ئۆزلۈكىنى ئىپادىلەپ كېلىشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن، bu sawta ķayusï ağïsar biz üq#ər yüz bix#ər otuz ķunpu iqrə ķuwpar birixürbiz [UW3(1-3)/24-25] "بىز سىزدىن قايسىمىز تېنىۋالساق، ئۈچ يۈز يىگىرمە بەش قانپۇدىن جەرىمانە تۆلەيلى".

كىشىلىك سان: كىشىلىك سان قوشۇمچىسى #əgü/#gü(n): iki#gükə [UW3(1-3)/2] "ئىككىلەنگە"، ikəgü [UW11(1-11)/8/12] "ئىككىلەن"، ikəgü#tin [UW18(1-18)/17] "ئىككىلەندىن"، ikigü [UW63(4-16)/3] "ئىككىلەن"، ikəgününg [UW50(4-3)/7] "ئىككىلەننىڭ"، biz ikə#gükə [UW6(1-6)/2] "تۆتەيلەننىڭ"، üq#əgü [UW26(1-26)/7] "ئۈچەيلەن"، üq#(ə)gün [UW100(9-9)/2] "ئۈچەيلەن"، tөrḍ#gün#nüng [UW100(9-9)/7] "تۆتەيلەننىڭ".

ئالماش سان: on#luķlar [UW9(1-9)/11-12] "ئون كىشى".

سانلارغا ئىسىملارنىڭ كېلىش قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇپ كېلىشى ۋە بۇ خىل كېلىش قوشۇمچىلىرىنىڭ رولى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش. مەسىلەن، tonguz yïl bixinq ay on altï#ķa [UW11(1-11)/1] "تونگۇز يىلى بەشىنچى ئاينىڭ ئون ئالتىنچى كۈنىگە".

### مىقدار

خاس مىقدار: xïğ "شىغ (دادەن)"، bir xïğ səkiz küri uruğ kirür [UW4(1-4)/3] "بىر شىغ (دادەن) سەككىز كۈرە ئۇرۇق تېرىلىدىغان (يەر)"، satïğ kümüxin ïnqa sөzləxdimiz bir

yastuķ bix sïtïr kümüxkə kəsixdimiz [UW5(1-5)/3-5]
(ئۆززۆملۆكنىڭ) ياھا سومىسى (بولغان) كۈمۈشنى بۇنداق سۆزلەشتۇق،
yüz iki bağlïķ يەنى بىر ياستۇق بەش سەر كۈمۈشكە توختاتتۇق"،
uşun ķarïta bəz alïp [UW10(1-10)/2-3] "يۈز ئىككى توپ
yüz yastuķ qao ئۆززۆن قارى (گەز) بۆز ئېلىپ"،
üq sïïr altï baķïr [UW11(1-11)/6] "يۈز ياستۇق چاۋ (پۇل)"،
kümüx altïmïz [UW105(9-14)/5-6] "ئۈچ سەر ئالتە مىسقال
كۈمۈش ئالدۇق".
iki y(a)rïm tağar buğday كۆچمە مىقدار:
[UW65(4-18)/3-4] "ئىككى يېرىم تاغار بۇغداي" دېگەن
ķayïmtutïn بىرىكمىدىكى "تاغار" سۆزى بۇ يەردە كۆچمە مىقدار،
tərt küri (yür) aldïm [UW67(4-20)/4-5] "قايىمتۇتىن تۆرت
كۈرە تېرىق ئالدىم".

سان مىقدار قۇرۇلمىسى

بىزگە مەلۇمكى ئورغۇن تىللاردا سان بىۋاسىتە ئىسىمنى ئېنىقلاپ كېلەلمەيدۇ، چەزمەن بىر مىقدار سۆز سان بىلەن بىرىككەن هالدا ئاندىن ئىسىمنى ئېنىقلايدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدا زۆرۈر بولغاندا "تۆت نەپەر ئادەم" دەيمىز، بولمىسا ئادەتتە "تۆت ئادەم" دەپ قوللىنىۋېرىشكە بولىدۇ، ئەمما، خەنزۇچىدا 四人 دېگىلى بولمايدۇ، چەزمەن 四个 人 دەيمىز. دېمەك، ئۇيغۇرچىدا گەرچە ئورغۇن خاس مىقدارلار ۋە كۆچمە مىقدارلار قوللىنىلسىمۇ، لېكىن، بۇلارنىڭ سان بىلەن بىرىكىپ كېلىشى مۇتلەق ئەمەس. بۇ ئەھۋال بۇ ۋەسىقىلەرنىڭ تىلىدىمۇ كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن، تۆۋەندىكى تېكىستنى كۆرۈپ باقايلى:

(1) (t)onguz yïl tərtünq ay mən ķaraquķ ağïr igləmix-tə oğlum- (2) (ķ)a ķalmïx tawar-ïğ ətigləp

ķoțdum. on {toķuz} uluğ hu-a-qan təxək, (3) üq tərtkil təxək yiti yürüng tarda(?) təxək. bix bozaķ (4) (ta)rda(?) təxək, bir tükqük(?) təxəki, bir manmur(?), bir siling (5) ///i(?) ķïdïğ kəyiz, altï ygrmi yağaķ ayaķ, bix yağaķ təpsi, (6) (t)ərt ïğaq təpsi, iki yağaķ kənək, bir bədizlig sïr (7) (k)ənək. bir yağaķ ķapan, bir ïğaq ķapan, bir yağaķ (8) irkün(?), iki səgüt irkün(?), bir sïr ayaķ, üq yağaķ mün (9) /uzluķ, iki yağaķ ķadïng, yiti tirək ķafïng, bir ķuruğ sin(?) (10) //g. bir qa-qan, iki sïr ķaxuķ, altï kixilik sïr qəki, səkiz (11) on kixlik ķïzïl qəki, bir bədizlig sutķu, üq üqər ķaplïķ (12) (k)üp, üq birər ķaplïķ idix [UW 88(8-2)]

يەشمىسى: (1) چوشقا يىلى تۆتىنچى ئاي. مەن قاراچۇق ئېغىر كېسەل بولغانلىقىمدىن، ئوغلۇم- (2) ىغا قالغان مال-مۈلۈكنى تىزىملاپ قالدۇردۇم: ئون توققۇز چوڭ گۈللۈك كىگىز (شىرداق؟) سېلىنچا، (3) ئۈچ (دانە) چاسا سېلىنچا، يەتتە (دانە) ئاق تاردا (؟) كۆرپە، بەش (دانە) بوزئاق (4) تۆشەك، بىر تۆكچۈك (موبلۇق؟) تۆشەك، بىر مانمۇر (؟)، بىر (توپ ياكى پارچە) سۆسۈن (تاۋار) (5) ... جىيەكلىك كىگىز، ئون ئالتە (دانە) ياڭاق (ياغىچى) ئاياق، بەش (دانە) ياڭاق (ياغىچى) تەخسە، (6) تۆت (دانە) ياغاچ تاۋاق، ئىككى (دانە) ياغاچ چېلەك، بىر (دانە) نەقىشلىك سىرلىق (7) چېلەك، بىر (دانە) ياڭاق ياغىچى (تاۋاق)، بىر (دانە) ياغاچ تاۋاق، بىر ياڭاق (ياغىچى) (8) ئىركۈن(؟)، ئىككى سۆگەت (ياغىچى) ئىركۈن(؟)، بىر سىرلىق ئاياق، ئۈچ (دانە) ياڭاق (ياغىچى) شورپا (9) ....، ئىككى (دانە) ياڭاق (ياغىچى) ئىۋرىق(؟)، يەتتە تېرەك (ياغىچى) ئىۋرىق(؟)، بىر قۇرۇق سىن(؟) (10) ....، بىر

(دانە) چاي چىنىسى، ئىككى (دانە) سىرلىق قوشۇق، ئالتە كىشىلىك سىرلىق چوكا، سەكسەن (11) كىشىلىك قىزىل چوكا، بىر (دانە) نەقىشلىق ساندۇقچە(؟)، ئۈچ (دانە) ھەر بىرى ئۈچ قاپلىق (12) كۆپ، ئۈچ (دانە) ھەر بىرى بىر قاپلىق ئىدىش.

دېمەك، يۇقىرىدىكى ۋەسىقىدىن شۇنى ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇكى، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىمۇ سانلار كۆپرەك ھالدا بىۋاستە ئىشلىتىلىپ، مىقدار سۆزلەر ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكىدەك كۆپ قوللىنىلمىغان. خۇسۇسەن دانلاپ سانىغىلى بولىدىغان شەيئىلەردە مىقدار سۆزلىرى ئاز قوللىنىلغان، بۇنىڭ ئەكسىچە پۇل ئورنىدا قوللىنىلغان، ئۆلچەم بىرلىكلىرىنى قوللىنىش زۆرۈر بولغان جايدا قىسقارمىغان.

/

### رەۋىش

ۋاقىت رەۋىشلىرى: amti [UW111(9-20)/11] "ئەمدى،
ھازىر"، bərü [UW99(9-8)/3] "بېرىسان، تارتىپ"، burun
[UW111(9-20)/9] "بۇرۇن"،

ئورۇن رەۋىشلىرى:؛ θngdün [UW5(1-5)/8] "ئالدى تەرەپ،
شەرق تەرەپ"، üstün [UW3(1-3)/3] "ئۈستۈن"، üzə
[UW5(1-5)/6] "يۇقىرى". ئەمەلىيەتتە بۇ سۆزلەر ئورۇن - تەرەپ
ئىسىملىرىغا كىرىدۇ.

بۇ مەتىندە رەۋىشلەرمۇ ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ.

### ئالماش

شەخس ئالماشلىرى: mən "مەن"، biz "بىز"، sən "سەن"، siz
[UW89(8-3)/17] "سىز" (بىرلا يەردە كۆرۈلىدۇ)، u "ئۇ"، ular
"ئۇلار".

شەخس ئالماشلىرىنىڭ كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىشى:

باش كېلىشتە كەلگەنلىرى: [UW1(1-1)/18] mən "مەن"، [UW104(9-13)/1] bizlər "بىزلەر".

ئىگىلىك كېلىشتە كەلگەنلىرى: mən#ing [UW17(1-17)/8/9/10/12/13/14/15/16] "مېنىڭ"، biş#ing [UW32(2-3)/5, 35(3-3)/6] "بىزنىڭ"، biş#ning [UW57(4-10)/12] "بىزنىڭ"، biz#ning [UW9(1-9)/5, 16(1-16)/3] "بىزنىڭ".

چۈشۈم كېلىشتە كەلگەنلىرى: biz#ni [UW111(9-20)/8] "بىزنى".

يۆنىلىش كېلىشتە كەلگەنلىرى: (mən#gə=) manga sadaḳa yunglaḳliḳ bəz kərgək bolup [UW10(1-10)/1] "مەن سادىغا ئىشلىتىش ئۈچۈن بۆز كېرەك بولۇپ"، manga [UW78(4-31)/2] "ماڭا"، biz#inggə [UW8(1-8)/2] "بىزگە"، biz#ingə [UW7(1-7)/1] "بىزگە"، biz#gə [UW87(8-1)/8, 121(9-30)/2] "بىزگە".

ئورۇن كېلىشتە كەلگەنلىرى: min#də [UW82(5-3)/12] "مەندە".

كېلىشلەر بىلەن قاتلانغان شەكىلدە تۈرلىنىپ كېلىشى:

ئىگىلىك كېلىش بىلەن يۆنىلىش كېلىشتە قاتلىنىپ كەلگەنلىرى: biz#ing#gə [UW3(1-3)/1, 8(1-8)/2] "مەندە".

چۈشۈم كېلىش بىلەن ئورۇن كېلىشتە قاتلىنىپ كەلگەنلىرى: mi#ni#tə [UW81(5-2)/21] "مەندە".

چۈشۈم كېلىش بىلەن تەگلەشتۈرمە كېلىشتە قاتلىنىپ كەلگەنلىرى: a#nï#qa [UW19(1-19)/14] "مەندە".

كۆرسىتىش ئالماشلىرى: bu [UW1(1-1)/5]، bu#lar [UW23(1-23)/19] "بۇلار".

كۆرسىتىش ئالماشى "ol" بۇ ۋەسىقىلەردە كۆپىنچە ھۆكۈم باغلامچىسى رولىدا كەلگەن. مەسىلەن، bu nixan mən sadanïng ol [UW10(1-10)/16] "بۇ نىشان مەن سادانىڭدۇر"، bu nixan mən tanuķ turmix təmürning ol, bu nixan mərkidning ol. bu nixan mən əsən buķanïng ol, bu nixan mən bars buķanïg ol [UW10(1-10)/18-21] "بۇ نىشان مەنكى گۇۋاھچى تۇرمىش تەمۇرنىڭدۇر. بۇ نىشان مەن مەركىدنىڭدۇر. بۇ نىشان مەن ئەسەن بۇقىنىڭدۇر. بۇ نىشان مەن بارس بۇقىنىڭدۇر".

كۆرسىتىش ئالماشلىرىنىڭ كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىشى:

باش كېلىشتە كەلگەنلىرى:

ئىگىلىك كېلىشتە كەلگەنلىرى: a#nïng [UW91(8-5)/29] "ئۇنىڭ".

يۆنىلىش كېلىشتە كەلگەنلىرى: bular#ķa [UW3(1-3)/22, 91(8-5)/26] "بۇلارغا"، mu#nga [UW89(8-3)/27] "بىزنىڭ"، a#nga [UW89(8-3)/16] "ئۇنىڭغا"، ïnaru [UW6(1-6)/9] "بۇنىڭدىن كېيىن" (بۇ قەدىمكى يۆنىلىش كېلىش قوشۇمچىسىنىڭ قالدۇقى دەپ قارالماقتا).

ئورۇن كېلىشتە كەلگەنلىرى: a#nta [UW85(7-1)/2/4] "ئۇندا، ئۇ يەردە"، mu#nta [UW85(7-1)/10] "بۇنىڭدىن".

ئورۇن - بەلگە كېلىشتە كەلگەنلىرى: a#ntaķï [UW119(9-28)/11] "ئۇندىكى، ئۇ يەردىكى".

چىقىش كېلىشتە كەلگەنلىرى: a#ndïn [UW82(5-3)/4] "ئۇندىن"، mu#ntïn [UW91(8-5)/13] "بۇنىڭدىن".

تەگلەشتۈرمە كېلىشتە كەلگەنلىرى: a#nïqa [UW19(1-19)/14] "تىنچىلىك، شىنچە"، mu#nqa [UW89(8-3)/27] "مۇنچە"، i#nqa [UW1(1-1)/3] "تۇنداق، بۇنداق".

سۇئال ئالماشلىرى: kim [UW5(1-5)/15] "كىم"، nə#si#ngə [UW91(8-5)/30] "نېمە، قەيەر"، nəqə [UW39(3-7)/5] "قانداق"، nəgü [UW6(1-6)/21] "نېمىشقا"، nətəg [UW38(3-6)/3] "قانچە"، k̦aq [UW53(4-6)/7] "قانداق"، k̦aqan [UW112(9-21)/4] "قاچان"، k̦ayda [UW124(9-33)/3] "قەيەردە"، k̦ayu [UW6(1-6)/12] "قايسى". bu yirning nəgü ymə irti birti yok̦ [UW6(1-6)/20-21] "بۇ يەرنىڭ ھېچقانداق ئالغۇ - بەرگۈلىكى يوق". بۇ جۈملىدە "نېمە" سوراق ئالماشى ئىنكار قىلىش مەنىسىدە "ھېچقانداق" دېگەن مەنىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن.

ئۆزلۈك ئالماشى: θz [UW5(1-5)/2] "ئۆز": بىرىنچى شەخس بىرلىك شەكلى، θzüm [UW25(1-25)/22] "ئۆزۈم": mən θzüm bitidim "مەن ئۆزۈم يازدىم"، θz borluk̦#umnï [UW5(1-5)/2] "ئۆز ئۆزۈملۈكۈمنى"، mən k̦ayïmtu mïsïrk̦a ayïd̦ïp θzüm bitidim [UW67(4-20)/12-14] "مەن قايىمتۇ مىسىردىن سوراپ ئۆزۈم يازدىم"، ئىگىلىك شەكلى θzüm#ning [UW27(1-27)/5] "ئۆزۈمنىڭ"، θz#üm#tə [UW83(6-1)/3] "ئۆزۈمدە"؛ ئىككىنچى شەخس بىرلىك ۋە كۆپلۈك شەكلى كۆرۈلمىدى؛ ئۈچىنچى شەخس بىرلىك شەكلى θzi [UW3(1-3)/10] "ئۆزى"، كۆپلۈك شەكلى θzliri [UW11(1-11)/9] "ئۆزلىرى".

**پېئىل**

**پېئىلنىڭ ئۆزەك شەكىللىرى:**

**پېئىلنىڭ بولۇشلۇق - بولۇشسىز شەكىللىرى**

پېئىلنىڭ $ma/$mə قوشۇلغان شەكلى، پېئىلنىڭ بولۇشلۇق شەكلى، قوشۇلغان شەكلى بولۇشسىز ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن،
bol-$mayïn [UW110(9-19)/4] "بولماي"، bir-$məsərmən
[UW65(4-18)/9] "بەرمەسەم"، bir-$məsərbiz
[UW108(9-17)/8] "بەرمەسەك"، bir-$məzmən
[UW84(6-2)/7] "بەرمەيمەن"، orunïn yigin ķïl-$mayïn,
ədgü tutḍ-$mayïn [UW82(5-3)/21] "تۇتماي"،
tuğ-$malïm [UW100(9-9)/5] "تۇغمايلى"،
kərgür-$məzmən [UW110(9-19)/10] "كىرگۈزمەيمەن"، bir
küp bor təgməyük üqün [UW9(1-9)/6] "بىر كۈپ ئۈزۈم ھارىقى تەگمىگەنلىكى ئۈچۈن"،

**پېئىل دەرىجىلىرى:**

ئەسلى دەرىجە:، θz borluķumnï basa toğrïlķa toğru
tomlidu saḍtim [UW5(1-5)/2-3] "ئۆز ئۈزۈملۈكۈمنى باسا توغرىلقا مۇۋاپىق - لايىقىدا ساتتىم".

مەجھۇل دەرىجە: ķat-$ïl-$mazunlar [UW87(8-1)/9-10]
"قېتىلمىسۇن (ئارىلاشمىسۇن)"، yar-$ïl-$sar [UW50(4-3)/4]
"يېرىلسا".

مەجبۇرىي دەرىجە: -dur/tur- yan-$ḍur$u birip
[UW92(9-1)/6] "ياندۇرۇپ بېرىپ".

-d/t- : mən bg bars ķutluğ tongaķa ayï-St$ïp bitidim
[UW92(9-1)/23] "مەن بەگ بارس قۇتلۇق توڭاغا سۆزلەتكۈزۈپ

(سوراپ) يازدىم".

aṭïn kixikə ət-kür-$ü satsun :-gür-/-kür-

əşgə kixi ، "باشقا كىشىگە ئۆتكۈزۈپ ساتسۇن" [UW3(1-3)/11]

ئۆزگە" kər-$gür$məzmən timix üqün [UW110(9-19)/10]

كىشىنى كىرگۈزمەيمەن دېگەنلىكى ئۈچۈن".

qaonï oğul tigin yənggəmizkə yaz küz :-ur-/-ür-

kim kəlsər təg-$ürSüp birürbiz, təg-$ür$üp birməsərbiz

bu bitigŋi kim alïp kəlsər nəgükəmə tïldamayïn

پۇلنى (چاۋ) بۇ" büḍürüp birürbiz [UW108(9-17)/6-10]

ئوغۇل تېگىن يەڭگىمىزگە ياز (ياكى) كۈزدە كىم كەلسە، شۇنىڭدىن

يەتكۈزۈپ بېرىمىز. يەتكۈزۈپ بېرەلمىسەك، بۇ ھۆججەتنى كىم ئېلىپ

كەلسە، ھېچقانداق باھانە_سەۋەب كۆرسەتمەستىن تولۇق بېرىمىز".

saḳï-$n$sarlar [UW5(1-5)/16] ، : ئۆزلۈك دەرىجە

"تويلانسا".

ئاغساق، ağï-$xsarbiz[UW81(5-2)/14] ئۆملۈك دەرىجە:

sθzlə-$xdimiz [UW1(1-1)/3] ، "ئۆز ئارا تېنىۋالماق

biz munta song θlsər xinking sinïn baxlap ، "سۆزلەشۈق

oğlanlarïm birlə əwimni tutup ayït-Sïxïp kəngi-Sxip

ئۆلۈپ بىز كېيىن بۇنىڭدىن" yorïzunlar [UW85(7-1)/10-12]

كەتسەك، شىن كىنىڭ، سى ئىن قاتارلىق ئوغۇللىرىم بىلەن بىرلىكتە

ئۆيۈمنى تۇتۇپ، ئۆز ئارا مەسلىھەتلىشىپ_كېڭىشىپ ئىش قىلسۇن"،

."تالاشتۇرۇشۇپ" təxgür-$üxüp [UW31(2-2)/4]

پېئىلنىڭ شەخسسىز شەكىللىرى:

سۆيەتداشلار:

كېلىدىغان زامان سۈپەتداش قوشۇمچىسى $daqï/$taqï/$dəqi/$təqi: yul-$taqï [UW4(1-4)/21, 6(1-6)/17] "يۇلغۇچىلار، قايتۇرۇپ سېتىۋالغۇچى"، yul-$daqï [UW7(1-7)/16, 9(1-9)/20] "يۇلغۇچىلار، قايتۇرۇپ سېتىۋالغۇچى".

ئۆتكەن زامان سۈپەتداش قوشۇمچىسى $mïx/$mix: bol-$mïx [UW39(3-7)/6] "بولغان"، tuğ-$mïx [UW82(5-3)/25] "تۇغمىش" ḳod-$mïx [UW91(8-5)/26] "قويغان"، θl-$mix[UW94(9-3)/12] "ئۆلگەن"، bitig ḳïl-$mïx küntə [UW1(1-1)/5-6] "بۇ ھۆججەت يېزىلغان كۈنى".

ئۆتكەن زامان سۈپەتدىشى $ğan/$ḳan/$gən/$kən: ḳal-$ğan [UW108(9-17)/6] "قالغان". ḳuṭ-$ğan [UW106(9-15)/2] "قويغان، تاپشۇرغان".

كەڭرى زامان سۈپەتدىشى $ar/$ər/$r: ḳoqo kiḍinitə yorï-$r [UW1(1-1)/4] "قوچو بازىرىدا ئولتۇرىدىغان" ("كەڭرى زامان" قوشۇمچىسى $r غا قاراڭ)، alḍï ər kθm-Sər borluḳumnï [UW10(1-10)/4] "ئالتە ئەر كۆمىدىغان ئۈزۈملۈكۈمنى"، ḳod-$ar [UW105(9-14)/2-3] "قويۇلىدىغان"، mənga təg-$ər üq ər kθm-$ər borluḳumnï [UW110(9-19)/5-6] "ماڭا تېگىدىغان، ئۈچ ئەر كۆمىدىغان ئۈزۈملۈكۈمنى"، bar-$ïrta kəl-$irtə [UW45(3-13)/11-12] "بارغاندا، كەلگەندە".

ئىسىمداشلار:

ئىسىمدىشى Sğï/$ḳï/Sgi/$ki/$ğu/$ḳu/$gü/$kü (چەك كېلىشتە كەلگەن): al-$ğu [UW51(4-4)/2] "ئالغۇ"، bar-$ğu

[UW2(1-2)/11] "بىرىش"، bir-$gü [UW9(1-9)/7] "بىرىش"، yi-$gü [UW113(9-22)/3] "يېيىش"، bir-$gi$nqə bar yok bolsarmən inim təmür kɵni birzün [UW67(4-20)/9] "بەرگۈچە يا ئۆزنداق، يا بۆزنداق بولۇپ قالسام، ئىنىم تەمۇر تولۇق بەرسۇن"، ɵl-$ginqə [UW82(5-3)/8] "ئۆلگىچە".

بۇ خىل ئىسىمداشلارنىڭ خېلى كۆپلىرى سۈپەتداش ئورنىدا قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن، aq-$ğu [UW8(1-8)/4] "ئاچدىغان (يەر)"، bir-$güm [UW2(1-2)/2] "بېرىدىغان نەرسەم".

ئىسىمدىشى: $mak/$mək ixləḍ-$mək [UW46(3-14)/15] "ئىشلەتمەك".

رەۋىشداشلار:

ئىسىم سۆزلەردىكى رەۋىشداش قوشۇمچىسى: $a/$ə/$ï/$i/$(y)u/$(y)ü yarat-$u [UW4(1-4)/20, 30(2-1)/20] "يارىتىپ"، yarax-$u [UW11(1-11)/20, 80(5-1)/14] "يارىشىپ، لايىق"، bu bitigni mən buyan təmür ɵz iligin biti-$yü təgintim [UW119(9-28)/17] "بۇ ھۆججەتنى مەن بۇيان تەمۇر ئۆز قولۇم بىلەن يازدىم".

چېتىلما رەۋىشداش قوشۇمچىسى $ïp/$ip/$up/$üp: adïr-$ïp [UW115(9-24)/4] "ئايرىپ"، al-$ïp [UW9(1-9)/9] "ئالىپ"، kəlür-$üp [UW19(1-19)/13, AYC363/21, 474/5]، kəlür-$ip [UW105(9-14)/6-7] "كەلتۈرۈپ".

مەقسەت رەۋىشدىشى $ğalï/$ḳalï/$gəli/$kəli: al-$ğalï [UW50(4-3)/7] "ئالغىلى"، ayït-$ğalï [UW1(1-1)/12] "سورىغىلى"، kɵr-$gəli [UW94(9-3)/6, ḲR10r2] "كۆرگىلى"، yul-$ğalï [UW18(1-18)/12] "يۇلغىلى، قايتۇرۇپ سېتىۋالغىلى".

بولۇشسىز رەۋىشداش قوشۇمچىسى: $matïn/$mətin/$madïn/$mədin afïr-Sm(a)tïn [UW93(9-2)/7] "ئايرىماستىن"، al-$madïn [UW89(8-3)/33] "ئالماستىن، ئالماي"، kod-$matïn [UW9(1-9)/12] "قويماي"، səxür-$mətin [UW49(4-2)/3] "تۈزۈپ قويماي(كېچىكتۈرمەي)".

پېئىلنىڭ شەخسلىك شەكىللىرى:

پېئىلنىڭ مەيلى كاتېگورىيىسى:

ۋاستىسىز بايان مەيلى: mən tərbix θzüm bitidim [UW11(1-11)/27] "مەن تەرىش ئۆزۈم يازدىم"،

بۇيرۇق - تەلەپ مەيلى:

بۇيرۇق - تەلەپ مەيلى بىرىنچى شەخس-بىرلىك قوشۇمچىسى: $ayïn/$əyin al-$ayïn yul-Sayïn tisərlər [UW3(1-3)/15] "(بەرنى) قايتۇرۇۋالاي، قايتۇرۇپ سېتىۋالاي دېسە"، apam birθk bu oğulnïng küqin alïp, bodka təgmixtə orunïn yigin kïl-$mayïn ədgü tud-$mayïn kodï asïra kixiqə tudsarmən, kayuka barsar, θz kθngülinqə tapïnqa barşun [UW82(5-3)/19-23] "ئەگەر (مەن سۇتباق) بۇ ئوغۇلنىڭ كۈچىنى ئىشلىتىپ، بويىغا يەتكەندە ئورنىنى - قەدرىنى قىلماي، ياخشى (مۇئامىلە) قىلماي، (ئۇنى) پەس - تۆۋەن (تەبىقىدىكى) كىشىدەك (كۆرۈپ) مۇئامىلە قىلسام، قاياققا بارغۇسى كەلسە، ئۆز كۆڭلى خاھىشى بويىچە (خالىغان يېرىگە) بارسۇن"، kim alïp kəlsər nəgükəmə tïlda-$mayïn büdürüp birürbiz [UW108(9-17)/9] "...نى ئېلىشقا ھەر قانداق كىشى كەلسە، ھېچقانداق باھانە - سەۋەب كۆرسەتمەي، ساق بېرىمىز".

بىرىنچى شەخس كۆپلۈك شەكلى $(a)lïm/$(ə)lim:
tuğ-$maSlïm [UW100(9-9)/5] "تۇغۇلمايلى".
بۇيرۇق-تەلەپ مەيلى ئىككىنچى شەخس قوشۇمچىسى
$ğil/$ķil/$gil/$kil (قبمەن Sgül): al-$ğil
[UW110(9-19)/14] "ئالغىن"، alp toğrïlķa yiti küri üyürni
keni bir-Sgül tisə [UW99(9-8)/2] "ئالپ توغرىلغا يەتتى كورە
تېرىقنى ساق بەر دېسە"، ayïtïp biḍi$gil timix
[UW122(9-31)/19] "سوراپ، يازغىن دېگەندە (بازدىم)".
پېئىلنىڭ بۇيرۇق - تەلەپ مەيلى تەۋەلىك ئۈچىنچى شەخس
قوشۇمچىسى $zun/$sun: al-$ma$zun [UW87(8-1)/9]
"ئالمىسۇن"، bar-$zun [UW80(5-1)/6]، bar-$[z|s]un
[UW78(5-3)/23] "بارسۇن"، bol-Szun [UW1(1-1)/11,
bol-$sun، bol-$[z|s]un [UW14(1-14)/13]، MSI134/1]
(AYC34/21] "بولسۇن"، ķil-$mazun [UW6(1-6)/13].
شەرت مەيلى قوشۇمچىسى $sa/$sə: bol-$sa
[UW72(4-25)/10] "بولسا"، bol-$sar [UW25(1-25)/18]
"بولسا"، bul-$sa [UW82(5-3)/16] "تېرىشسە، ئىنگە بولسا"،
tapla-$ma-$sar [UW2(1-2)/14] "خالىمىسا"، tut-$samən
[UW58(4-11)/3] "تۇتسام"، tut-$sar [UW53(4-6)/7]
"تۇتسا"، tut-$sarmən [UW54(4-7)/4] "تۇتسام"،
kəqür-$sərmən [UW60(4-13)/7] "كەچۈرسەم"، θngi
bol-$sarbiz [UW85(7-1)/14] "باشقىچە بولساق"،
kəqür-$sərbiz [UW59(4-12)/8] "كەچۈرسەك"، θ-$sərlər
[UW6(1-6)/14] "تولسا"، θl-$sər [UW46(3-14)/10]
"تولسە"، ün-$sər [UW97(9-6)/6] "ئۈنسە".

كېلىدىغان زامان ئارزۇ - تىلەك مەيلى قوشۇمچىسى $ğay/$ķay/$gəy/$kəy: bol-$ğaymən [UW87(8-1)/3] "بولغايمەن"، kal-$ğay [UW82(5-3)/1] "قالغاي" (بۇ جۈملىدە، بۇ قوشۇمچە ئارزۇ - تىلەكنى ئەمەس، بەلكى سۆزلىگۈچىنىڭ بىر خىل "ئەندىشە قىلىش، ئەنسىرەش" ئىپادىسىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن.

بۇ قوشۇمچە بەزى تېكىستلاردا ئارزۇ_تىلەك مەيلىنى ئەمەس، بەلكى كېلىدىغان زامان ئوبيېكتىپ مۆلچەر مەيلى ئۇقۇمىنى ئىپادىلەپ كېلىدۇ. مەسىلەن، mən kθni ķuz ağïr igkə təgip θlüp ïdïp barğaymən tip [UW86(7-2)/1-3] "مەن كۆزنى قۇز ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ، ئۆلۈپ كېتىپ قالارمەنمىكىن دەپ ئويلاپ".

## پېشلىنىڭ زامان كاتېگورىيىسى

ئاددىي ئۆتكەن زاماننىڭ قوشۇمچىسى $dï/$di/$du/$dü: بىرىنچى ۋە ئىككىنچى شەخستە شەخس قوشۇمچىلىرى قوشۇلۇپ، ئۈچىنچى شەخستە ھېچقانداق شەخس قوشۇمچىسى قوشۇلمايدۇ. مەسىلەن، بىرىنچى شەخس بىرلىك شەكلى: al-$dïm [UW1(1-1)/7] "ئالدىم"، al-$tïm [UW2(1-2)/9] "ئالدىم"، bir-$dim [UW1(1-1)/6] "بەردىم".

بىرىنچى شەخس كۆپلۈك شەكلى: al-$dïmïz [UW28(1-28)/6, 69(4-22)/8] "ئالدۇق"، al-$tïmïz [UW9(1-9)/12] "ئالدۇق"، sθzləx-$dimiz [UW13(1-13)/3] "سۆزلەشتۇق"، üşüx-$dümüz [UW1(1-1)/5] "ئۈزۈشتۇق، توختاتتۇق". يۇقىرىدىكى مىساللارنىڭ ئاخىرىدىكى شەخس قوشۇمچىلىرى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا "$duķ/dük" ("-دۇق/-دۈك") بولغان.

ئىككىنچى شەخس بىرلىك ۋە كۆپلۈك شەكلى بۇ ۋەسىقىدە كۆرۈلمەيدۇ.

bol-$dï [UW110(9-29)/2] "بولدى"، bol-$tï [UW1(1-1)/2] "بولدى"، boxu-$dï [UW104(9-13)/4] "بوشدى، ئازاد بولدى"، θl-$di [UW94(9-3)/8] "ئۆلدى".

هازىرقى زامان كېلىدىغان زامان قوشۇمچىسى Sar/$ər/$ïr/$ir/Sr : بۇ خىل قوشۇمچىنىڭ رولى كۆپرەك. ئادەتتە سۆزلەۋاتقان ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە تېخى مەيدانغا كەلمىگەن، ئەمما، سۆزلەۋاتقان ۋاقىتتا قارار قىلىنغان، مەقسەتكە كەلگەن، ئومۇمەن سۆزلەۋاتقان ۋاقىتتىن باشلاپ بولىدىغان ھەرىكەتنىڭ ۋاقتىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن، alïp kal-Sïr-musən tisərmən. yok ərsə θşgə kixikə kod-$armən tisərmən [UW110(9-19)/7-9] "سەن ئېلىپ قالامسەن؟ بولمىسا باشقا كىشىلەرگە قالدۇرسەمەن دېسەم"، ut-$armən [UW99(9-8)/4] "ئۇتىمەن، ساقلايمەن"، kod$armən [UW110(9-19)/8] "قويىمەن"، bitig bir$ürmən [UW110(9-19)/2] "ھۆججەت بېرىمەن"، ün-$ərmən [UW82(5-3)/28] "ئۈنىمەن، پەيدا بولىمەن"، bu yirkə niqə uruğ badza ikigütng üləxip al-$ïr$biz. alïm birim kəlzə ik(i)rər tng bilixip tng bir-$ür$biz [UW43(3-11)/8] "بۇ يەرگە قانچىلىك ئۇرۇق كەتسە، ئىككىلەن تەڭ چىقىرىمىز. باج سېلىق كەلسە، ھەر ئىككىمىز تەڭ ئۈستىمىزگە ئېلىپ، تەڭ تاپشۇرىمىز." (بۇ ۋەسىقىلەردە ئېنىق كېلىدىغان زامان مەنىسىنى ئىپادىلەپ كەلگەن).

كېلىدىغان زامان ئۇقۇمىنى بىلدۈرگەندىن باشقا، دائىم بولىدىغان ياكى قانۇنىيەتلىك ھالدا بولۇپ تۇرىدىغان ھەرىكەتنىڭ ۋاقتىنى بىلدۈرۈپ كېلىدۇ. بۇ خىل مەنە غەربىي كۆپ تىللارنىڭ گراماتىكىسىدا "كەڭرى زامان" دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، adïr-$ar [UW8(1-8)/9]

"ئايرىيدۇ"، yirning sïqïsï ərü yïngak alp [tax] sïngkur
sangunnïng yiri adïr-$ar [UW1(1-1)/7-8] "يۇقىرى تەرەپتىن
ئالىپ تاش سىڭقۇر ساڭۇننىڭ يېرى ئايرىيدۇ"، ķoqo kidinitə
yorï-$r [UW1(1-1)/4] "قوچو بازىرىدا ئۆتتۈدىغان"، kidin
yorï-$yur [UW19(1-19)/3] "بازاردا ئۆتتۈدىغان". ئالدىنقى
جۈملىدە Sar پەقەت زامان مەنىسىنىلا ئىپادىلەپ كەلگەن. ئەمما،
كېيىنكى جۈملىدىكى $r قوشۇمچىسى زامان جەھەتتىن هازىرقى –
كېلەر زامان يەنى كەڭرى زامان ئۆزقۇمنى ئىپادىلەپلا قالماي، بەلكى
جۈملىدە سۈپەتداش رولىدا "يۈز قاتپۇ" دېگەن ئىسىمنى ئېنىقلاپ
كەلگەن. شۇڭا، بۇلارنى ھەرىكىكى كاتېگورىيىگە تەۋە دەپ قاراشقا
بولىدۇ.

## پېئىلنىڭ تەۋەلىك شەخس شەكىللىرى

پېئىلنىڭ بىرىنچى خىل تەۋەلىك شەخس قوشۇمچىلىرى شەخس
ئالماشلىرىدىن كەلگەن $mən/$biz/$sən/$siz/$silər/Su/$ular
قاتارلىقلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ شەخسلىك شەكىللىرىمۇ شۇ خىل شەخس
ئالماشلىرى بىلەن ئوخشاش. بۇلار ئادەتتە ھۆكۈم ياردەمچىسى دەپمۇ
ئاتىلىدۇ. ئەمما، قىسمەن تاۋۇش ئۆزگىرىشلىرى بولغان. بۇلار ئاساسەن
پېئىلنىڭ شەرت مەيلى، ئارزۇ-تىلەك مەيلى، ھازىرقى-زامان_كېلىدىغان
زامان قاتارلىق شەكىللىرىنىڭ ئاخىرىغا ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن، tut-$samən
[UW58(4-11)/3] "تۇتام"، tut-$sarmən [UW54(4-7)/4]
"تۇتسام"، kəqür-$sərmən [UW60(4-13)/7] "كېچىكتۈرسەم"،
bol-$ğaymən [UW87(8-1)/3] "بولغايمەن"، birirbiz
[UW100(9-9)/4] "بېرىمىز"،
پېئىلنىڭ ئىككىنچى خىل تەۋەلىك شەخس قوشۇمچىلىرى ئىسىمنىڭ

تەۋەلىك شەخس قوشۇمچىلىرىدىن كەلگەن بولۇپ، ئادەتتە ئىسىمنىڭ شۇ خىل شەخس شەكىللىرى بىلەن ئوخشاش قوللىنىلىدۇ. پېئىللارنىڭ ئاددىي ئۆتكەن زامان قوشۇمچىسى $dï/$di/$du/$dü/$tï/$ti/$tu/$tü قاتارلىقلارنىڭ ئاخىرىغا ئۇلىنىدىغان شەكلى بولۇپ، بۇلارنىڭ تەرەققىياتى ۋە تۈرى سەل مۇرەككەپ بولۇپ، ئۇلارنى تېخىمۇ ئىنچىكە ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن،

تەۋەلىك بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى -m: al-$dï$m "ئالدىم"، [UW1(1-1)/6] bir-$di$m "بەردىم" [UW1(1-1)/7].

تەۋەلىك بىرىنچى شەخس، كۆپلۈك قوشۇمچىسى $mïz/$miz/$muz/$müz: aṭax bol-$tu$muz "ئاتاداش (دوست) بولدۇق"، [UW100(9-9)/3] bir-$timiz "بەردۇق"، [UW11(1-11)/13) sөzlə-$xdimiz "سۆزلەشتۇق"، [UW1(1-1)/3-4] üşüx-$dü$müz "توختاتتۇق، كەستۇق" [UW1(1-1)/5].

تەۋەلىك ئىككىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى $dï$ng ۋە تەۋەلىك ئىككىنچى شەخس، كۆپلۈك قوشۇمچىسى dï$nglar/di$nglər بۇ ۋەسىقىلەرنىڭ تىلىدا ئاساسەن كۆرۈلمەيدۇ.

تەۋەلىك ئۈچىنچى شەخس قوشۇمچىسى نۆل شەكىل بىلەن ئىپادىلىنىدۇ:

تۆتىنچى خىل تەۋەلىك شەخس قوشۇمچىسى پېئىللارنىڭ بۇيرۇق - تەلەپ رايى شەكلى ئىپادىلىنىدىغان قوشۇمچە بولۇپ، بۇ قوشۇمچىلاردا ھەم پېئىلنىڭ بۇيرۇق - تەلەپ مەيلى ھەم شەخس شەكلى ئەبجەش قىلىپ يۇغۇرۇلغان. شۇڭا، ئۇلاردىكى قوشۇمچىلارنى ئايرىم شەخس قوشۇمچىسى دەپ ئايرىپ چىقىشقا بولمايدۇ (شۇ قىسىمغا قارالسۇن).

بۇ ۋەسىقىلەردە kərgək bolup [UW3(1-3)/2] "كېرەك

بولۇپ" دېگەنگە ئوخشاش تۇرغۇن سۆز بىرىكمە قۇرۇلمىلىرى خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ.

### باغلىغۇچىلار

بۇ ۋەسىقىلەردە تۆۋەندىكىدەك باغلىغۇچى سۆزلەر كۆرۈلىدۇ: üqün [UW2(1-2)/2] "ئۈچۈن"، taķï [UW2(1-2)/16] "تېخى"، birɵk [UW3(1-3)/14] "ئەگەر، مۇبادا"، yənə [UW9(1-9)/22] "يەنە". جۈملىدىكى قوللىنىشىغا مىسال: aytğli istgli sķïnsr sawlarï yorïmazun, taķï birɵk ərklig bəg ixi küqin tutup alayïn yulayïn tisərlər [UW4(1-4)/17-19] "ئەگەر (يەرنى) سورسا، تەلەپ قىلسا، سۆزلىرى ئاقمىسۇن، ئەگەر هوقۇقدار بەگ - ئەمەلدارلارنىڭ كۈچىگە تايىنىپ، (يەرنى) قايتۇرۇۋالاي، قايتۇرۇپ سېتىۋالاي دېسە"، apam qam qarïm ķïlğalï saķïnsarlar [UW5(1-5)/15-16] "ئەگەر دە تالاش قىلماقچى بولسا"، apam [UW87(8-1)/10] "ئەگەر، مۇبادا".

### يۈكلىمىلەر

بۇ تېكىستتە ئەڭ كۆپ قوللىنىلىدىغان يۈكلىمىلەر تۆۋەندىكىچە: ɵk يۈكلىمىسى سۆز ۋە جۈملە مەنىلىرىنى كۈچەيتىش رولىنى ئوينايدۇ.

mu يۈكلىمىسى سوراقنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن، ķlïr$mu sən [UW110(9-19)/7] "قالامسەن".

بۇ يۈكلىمە بەزىدە mə شەكلىدە كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن، kim kim mə ərsər qam qarïm ķïlmazunlar [UW24(1-24)/8] "مەيلى كىم بولسۇن دە- تالاش قىلمىسۇن"، kim kim mə bolup [UW27(1-27)/20] "مەيلى كىم بولۇپ".

## ئومۇمىي خۇلاسە

بىزگە مەلۇمكى، ھەرقانداق بىر تىل ئۆزىنىڭ ئۇزاق تارىخىي تەرەققىياتىدا ئۆزىگە خاس ئىچكى قانۇنىيەتلەرگە ئىگە بولىدۇ. يەنى بىر تىلنى تەشكىل قىلغان فونېتىكىلىق، لېكسىكىلىق ۋە گرامماتىكىلىق تەركىبلەرنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدە تەرەققىي قىلىش قانۇنىيەتلىرى بولىدۇ. بۇ شۇ تىلنىڭ تەرەققىياتىدىكى ئاساسىي ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ھەرقانداق بىر تىل ئۆزىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىدا باشقا تىللارنىڭ، شۇنداقلا جەمئىيەتتىكى باشقا ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەرنىڭ تەسىرىدىن قىلچە قۇتۇلالمايدۇ. يەنى بىر تىل مەيلى تۇغقان تىل(لار) بولسۇن، مەيلى يات تىل(لار) بولسۇن، جەزمەن باشقا تىللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماي قالمايدۇ. قىسقىسى، دۇنيادا باشقا بىر تىل بىلەن ئۇچراشمىغان، باشقا بىر تىلنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلمىغان تىل يوق. ئادەتتە مەيلى قەدىمكى تىللاردا بولسۇن، مەيلى ھازىرقى زامان تىللىرىدا بولسۇن باشقا تىللارنىڭ تەسىرىنى تونۇماق، ھېس قىلماق بىراز ئوڭاي، چۈنكى، ئۇ بىر تەرەپتىن مەلۇم بىر ئىجتىمائىي ۋاستىگە ياكى بىر ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە بولىدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن چەت تىلنىڭ تەسىرى، شۇ ئۆزى كىرگەن تىلدىكى بەزى ئىچكى قانۇنىيەتلەر بىلەن زىتلەشمەي قالمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ يازما ھۆججەتلەردە جەزمەن ئەكس ئېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنداق ھادىسىلەرنى بايقاش ۋە تونۇش بىرئاز ئوڭايراق. ئەمما، تىلنىڭ ئىچكى قانۇنىيەتلىرىدىكى ئۆزگىرىش ئۇنىڭغا بەزىدە ئوخشىسىمۇ، بەزىدە ئانچە ئوخشاپ كەتمەيدۇ. تىلنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئۆزگىرىشلەر ناھايىتى ئاستا بولىدۇ. بەزى تاۋۇش، شەكىل ياكى مەنىلەرنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە ئومۇملىشىشى ئۈچۈن ئەسىرلەرچە

دەۋر ئۆتتى. شۇڭا، ئۇنى بايقاش، تەكشۈرۈش ئۈچۈن بەلگىلىك ئەمگەك سەرپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئادەتتىكى مەخسۇس تىللارغا بېغىشلانغان تىلشۇناسلىق ياكى گرامماتىكا كىتابلىرى ئەنە شۇ تىلنىڭ ئىچكى قائىدە - قانۇنىيەتلىرىنى قانچىلىك تەپسىلىي، چوڭقۇر ۋە توغرا دەرىجىدە تونۇپ تەسۋىرلىگەنلىكى بىلەن بىر - بىرىدىن پەرق قىلىدۇ. بۇلارنى تەكشۈرۈش ۋە تونۇش ئۈچۈن ئەلۋەتتە تارىخىي تىلشۇناسلىق مېتودىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنى قاتلاممۇ قاتلام سېلىشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ ئۇزۇن ۋاقىت ۋە كۆپ ئەمگەك تەلەپ قىلىدىغان بىر ئىش. شۇڭا، بۇ ماقالىدە بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بايان قىلىشتىن سۆز ئېچىش تەس. پەقەتلا ئۆزىمىز مۇھىم دەپ ھېس قىلغان بەزى تاۋۇش ئۆزگىرىشلىرى ۋە شۇنىڭغا ئەگەشكەن باشقا بەزى تىل ئالاھىدىلىكلىرىنى قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتتۇق. شۇ ئاساستا ۋەسىقىلەر تىلىنىڭ ئەڭ مۇھىم گرامماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرىنى تۆۋەندىكىچە خۇلاسىلىدۇق:

1. تۈرك مەڭگۈ تاشلىرىدا قوللىنىلغان بەزى گرامماتىكىلىق شەكىللەر ئىستېمالدىن قالغان. مەسىلەن، قەدىمكى دەۋرلەردە كېلىدىغان زامان زۆرۈرىيەت مەيلى ئۈچۈن \$sïk/\$sik قوشۇمچىلىرى قوللىنىلغان بولسىمۇ، لېكىن، بۇ ۋەسىقىلەردە بۇلار ئاساسەن قوللىنىلمىغان.

بۇ ۋەسىقىلەرنىڭ تىلىدا bu+kün "بۇ+كۈن" قاتارلىق ۋاقىت ئىسىملىرى رەۋىشلىك رولىدا كەلگەندە ئورۇن كېلىش قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ كەلگەن. مەسىلەن، bukün#tə [UW3(1-3)/9, 20(1-20)/8] "بۈگۈن"، bükün#tə [UW7(1-7)/8] "بۈگۈن". ئەمما ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئورۇن كېلىش قوشۇمچىسى قوشۇلمايدۇ.

2. قوشۇمچىلار لېكسىكىلىق (سېمانتىكىلىق) ۋە گرامماتىكىلىق مەنا جەھەتتىن قېلىپلاشتۇرۇلغان. يەنى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا

ئوخشاش ياكى ئوخشاشراق بىر مەنىنى ئىپادىلەيدىغان ئىككى ۋە ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق مەنىداش قوشۇمچىلار، خۇسۇسەن سۆز تۈرلىگۈچى (گراماتىكىلىق)، قوشۇمچىلار رەتكە سېلىنىپ، ئۇلاردىن بىرى ياكى ئىككىسى قېلىپلاشتۇرۇلۇپ، قالغانلىرى بارا بارا ئىستېمالدىن قالغان. مەسىلەن، قەدىمدە ئەڭ كۆپ قوللىنىلغان چىتىلما رەۋىشداش قوشۇمچىسى $pan/$pən قوشۇمچىلىرى قوللىنىلمىغان، ئەمما، $p تىپىدىكى رەۋىشداشلار خېلى كۆپ قوللىنىلغان. ئومۇمەن بۇ ۋەسىقىلەر تىلىدا يۆنىلىش كېلىش قوشۇمچىسى ئۈچۈن $ka -قا، $ğa -غا كۆپرەك قوللىنىلغان. بۇنىڭ ئەكسىچە قەدىمكى $ğaru/$karu تىپىدىكى قوشۇمچە قىسمەن ئالماشلاردا قاتما شەكىلدە قوللىنىلغاندىن باشقا ئورۇنلاردا ئاساسەن قوللىنىلمىغان.

3. يۇقىرىدا سۆزلىگىنىمىزدەك، كۆپ ۋارىيانتلىق قوشۇمچىلار قېلىپلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، ئەسلى رولىدىن قالغان بەزى قوشۇمچىلارغا بەزى يېڭى مەنا يۈكلەنگەن. مەسىلەن، تۈرك مەڭگۈ تاشلىرىدا پېئىلنىڭ پۈتكەن سۈپەتداش ئۇقۇمىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن $duk/$dük/$tuk/$tük، $iğma/$igmə/$ïkma/$ikmə، $ğan/$kan/$gən/$kən قاتارلىق ئۈچ خىل قوشۇمچە قوللىنىلغان. بۇ ۋەسىقىلەردە $ğan تىپىدىكى قوشۇمچە كۆپرەك قوللىنىلغان. شۇنداقلا $ïğma تىپىدىكى قوشۇمچە بار - بارا ئىستېمالدىن قالغان. كېيىن تىل تەرەققىياتى جەريانىدا، بۇلار تەرەققىي قىلىپ هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا كەلگەندە، رەتكە سېلىنىپ، پۈتكەن سۈپەتداش ئۇقۇمى ئۈچۈن $ğan تىپىدىكى قوشۇمچە قېلىپلاشتۇرۇلغان. ئەسلىدە پۈتكەن ئۆتكەن زامان سۈپەتداش مەنىسىنى ئىپادىلەيدىغان $duk قوشۇمچىسى ئەسلى مەنىسىدىن قېلىپ ئۆتكەن زامان كۆپلۈك، بىۋاسىتە بايان مەيلى (ئەسلىدە بۇ گراماتىكىلىق مەنا $dïmïz/$dimiz/$tïmïz/$timiz

قاتارلىق قوشۇمچىلار بىلەن ئىپادىلىنەتتى)دىن ئىبارەت گىراممانىكىلىق مەنىنى ئىپادىلەيدىغان بولغان.

4. قەدىمدە قوشۇمچە بىلەن ئىپادىلىنىدىغان گىراممانىكىلىق مەنا بارا-بارا ھەم قوشۇمچە ھەم ياردەمچى سۆزلەر بىلەن ئىپادىلەنگەن، ئاخىرىدا قوشۇمچە ئىستېمالدىن قېلىپ، ياردەمچى سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدىغان بولغان. يەنى قوشۇمچىدىن ياردەمچى سۆزگە ئۆتۈشتىن ئىبارەت بىر ئۆزگىرىش دەۋرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن. مەسىلەن، قەدىمدە ھەرىكەتنىڭ ۋاستىسىنى ئىپادىلەيدىغان ۋاستە كېلىش ئۆزىنىڭ ئۇچۇن #n/#in/#ïn/#un/#ün قاتارلىق ۋاستە كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن بىرلىكتە "birlə" دېگەن ياردەمچى سۆزمۇ قوللىنىلاتتى. ۋەسىقىلەردە بۇلار باراۋەر قوللىنىلىپ، ئۆزگىرىش دەۋردە تۇرغان.

5. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا بولمىغان بەزى گىراممانىكىلىق مەنا ياكى شەكىللەر ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا پەيدا بولدى. مەسىلەن، قەدىمدە پېئىلنىڭ شەرت مەيلى قوشۇمچىلىرى $sar/$sər/$sa/$sə قاتارلىقلاردا تەۋەلىك سان ئۆزگۆمى ئىپادىلەنمەيتتى، ۋەسىقىلەردىمۇ يەنىلا تەۋەلىك سان ئۆزگۆمى ئىپادىلەنمىگەن، ئەمما، /r/ تاۋۇشى بەزىدە قىسقارغان، بەزىدە قىسقارمىغان شەكىلدە كەلگەن. مەسىلەن، bol-$sarmən [UW49(4-2)/4] "بولسام"، bol-$sarbiz [UW59(4-12)/10] "بولساق"، bol-$sa [UW25(1-25)/3] "بولسا"؛ bol-$samən [UW58(4-11)/4] "بولسام"، bol-$zamən [UW62(4-15)/8] "بولساق"، bol-$sa [UW72(4-25)/10] "بولسا"؛ bol-$za [UW27(1-27)/7] "بولسا". دېمەك، بۇ ئەسەردە قەدىمكى تىلنىڭ خېلى كۆپ ئالاھىدىلىكلىرى ساقلانغان. قەدىمكى تىلدا bən barsar "مەن بارسام"، sən barsar "سەن بارساڭ"، ol barsar "ئۇ بارسا" دېگەن

شەكىللەر بەزىدە ئاساسەن ئوخشاش قوللىنىلسىمۇ، بۇ ۋەسىقىلەرنىڭ تىلىدا كۆپىنچە barsar mən "مەن بارسام"، barsar sən "سەن بارساڭ"، barsar "ئۇ بارسا" دېگەن شەكىللەردىمۇ كۆرۈلىدۇ. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا بولسا mən barsam "مەن بارسام"، sən barsang "سەن بارساڭ"، u barsa "ئۇ بارسا" شەكىللەردە كۆرۈلىدۇ.

6. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى بەزى ئۈنۈملۈك سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار ئىستېمالدىن قالغان. مەسىلەن، تۈرك مەڭگۈ تاشلىرىدا خېلى قوللىنىلىدىغان Šïğsïḳ/Sigsik (tutsïḳ، bilsik سۆزلىرىدىكى)، قوشۇمچىلىرى بىلەن ياسالغان سۆزلەر كۆرۈلمەيدۇ.

7. تۈرك مەڭگۈ تاشلىرى ۋە قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ھۆججەتلەردە كۆرۈلىدىغان ئالماشلارنىڭ məniñdə، məniñdin، məniñsiz قاتارلىق شەكىللىرى بۇ ۋەسىقىدە ئاساسەن كۆرۈلمەيدۇ.

# ۋەسىقىلەرنىڭ ترانسكرىپسىيىسى،

# ئىزاھى ۋە يەشمىسى

# 1. تبلىم-سبتىم ۋەسىقىلىرى

## 29 (1-29) — 1 (1-1)

### 1 (1 - 1)

1 ////// (yïl) (qah)xaput ay bir yangïķa mən adïğ tarhan-ķa

2 y(un)gl(aķlïķ) (ķanpu) (kər)gək bo(l)tï q/mğuķ-ta bir xïğï yirim atï alp

3 tax sangun-(ķa o)ķ(?) toğu(ru t)omluğ sadtïm satïğïn ïnqa səz-

4 ləxdimiz ķoqo kiți(n)ində yorï(r) iki uqï kinlig otra yirtə

5 tamğalïğ yüz (ķan)pu-ķa üşüxdümüz bu yüz ķanpuğ bitig ķïl-

6 mïx künt(ə tüg)əl birdim mən adïğ tarhan ymə tügəl [bir-

7 dim] aldïm // (yi)r-ning sï(q)ï-sï əru yïngaķ alp [tax] sïngķur

8 sangun-nung yiri adïrar kițin yïngaķ sangun əgə-ning yirni(=yiri) adïrar

9 ķoțï yïnga(ķ ķ)umar(?) sangun-nung yiri ațïrar əngtün yïngaķ

10 mən alp t(ax san)gun-nung oķ (yi)ri ațïrar bu yir-kə ming yïl tümən

11 kün-kə təgi alp (t)a(x) sangun ´ərklig bolzun mən

adïğ tarhan-

12 nïng inim iqim ķam ķadaxïm ayïtmazun iķdəməzün ayïtğalï

13 isḍəgəli (saķïns)ar sawlarï yo(rï)mazun alp tax sangun-nung sawï

14 yorïķun ki(m ərsər) bəg ixi küqin tutup qamlağalï saķï<n>sar bu

15 θgən üzə (al)p tax sangun-ķa yir yaraḍu birzün.:. bu sawda

16 tanuķ ķu//////n tnuķ tong(ķ)ara s(a)ngun kθrüp olurğuqï inim

17 bütür bu ta(mğa) mən adïğ tarhan-nïng oğlum ķaramuķ-nung ol

18 alğuqï-ķa (bir)güqi-kə inqgə ayïtïp mən pusartu sïnķay ķy-a

19 bitidim

20B b(u) biḍig //// tarhan-(nï)ng yir biḍigi ol ::: bu

---

ئىزاھلار:

1. qahxaput: سانسكرىتچە šikṣapada دىن كەلگەن. 12- ئاينى كۆرسىتىدۇ.

1. yangïķa: بۇ سۆزنىڭ تومۇرى yangï ("يېڭى"، "دەسلەپ" دېگەن مەنىدە) بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇرچىدا ھەر ئاينىڭ ئالدىنقى 10 كۈنى ئىچىدىكى كۈنلەر yangï غا يۆنىلىش كېلىش قوشۇمچىسى #ķa نىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

1. tarhan: (1) ئەمەل نامى، (2) ئادەم ئىسمىنى كۆرسىتىدۇ.

2. yunglaķlïķ: خەنزۇچە用 نى سۆز تومۇرى قىلىپ ياسالغان سۆز.

2. (kanpu): بۇ ئاتالغۇ مۇشۇ ۋەسىقىنىڭ 5- قۇرىدىكى kanpu سۆزىگە ئاساسەن ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ ترانسكرىپسىيە قىلىندى

kanpu: بۇ ئاتالغۇ قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەردە بەزىدە kuanpu، kunpu دېگەن شەكىللەردىمۇ ئۇچرايدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى [illegible] نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى ھېسابلىنىدۇ. 2"UW" دىكى "ئىلىم-سېتىم ۋەسىقىلىرى" Sa01، Sa19 ۋە Sa06 لەرگە، يەنى بۇ كىتابتىكى (1-1) 1، (1-19) 19 ۋە 6 (1-6) نومۇرلۇق ۋەسىقىلەرگە ئاساسلانغاندا، بىر kanpu (قانپۇ ياكى قۇانپۇ، قۇنپۇ)، بازاردا پۇل ئورنىدا ئوبوروت قىلىنىدىغان، ئوتتۇرىسىغا تامغا بېسىلغان (ياكى ئۈستىگە ئىمزا قويۇلغان ۋە تامغا بېسىلغان)، ئىككى ئۇچىغا جىيەك تۇتتۇلغان 10 چى ئۇزۇنلۇقتىكى بۆزنى كۆرسىتىدىغانلىقى قىلىندۇ. kuanpu دېگەن بۇ ئاتالغۇ كىشىنىڭ ئېسىگە «دىۋانۇلۇغاتىت تۈرك» تىكى "قَمْدُو" (kamdu — قامدۇ) ئاتالغۇسىنى ئەسلىتىدۇ. مەھمۇد قەشقىرى "قامدۇ"نى "بويى تۆت گەز، ئېنى بىر غېرىچ كېلىدىغان بىر پارچە بۆز، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇيغۇر خانىنىڭ تامغىسى بېسىلغان بولۇپ، سودا-سېتىقتا پۇل ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ بۆز كونىرىسا، ھەر يەتتە يىلدا بىر قېتىم يۇيۇلۇپ، ئۈستىگە باشقىدىن تامغا بېسىلىدۇ." دەپ چۈشەندۈرىدۇ. «تۈركىي تىللار دىۋانى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980، 1- توم، 546- بەتكە قارالسۇن).

2. xiği: بۇ سۆزنىڭ تومۇرى xiğ بولۇپ، xiğ خەنزۇچە [illegible] نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى. ئۇ ئەسلىدە ھەجىم ئۆلچىمى بىرلىكى بولۇپ، بۇ يەردە يەر كۆلىمى ئۆلچىمى بولۇپ كەلگەن. "bir xiğ yir" (بىر دادەنلىك يەر) بولسا، بىر دادەن ئۇرۇق چېچىلىدىغان يەرنى كۆرسىتىدۇ.

3. sangun#ka: سۆز تومۇرى sangun بولۇپ، خەنزۇچە [illegible] نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى. (1) جياڭجۈن دېگەن مەنىدە؛ (2) ئادەم ئىسمىنى كۆرسىتىدۇ.

4. koqo (قوچو): خەنزۇچە 高昌 نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى.

6. tügəl: بۇ سۆز بۇ ۋەسىقىلەردە 1) "تولۇق، ساق، كەم ئەمەس، تۈگەل" دېگەن مەنىلەردە؛ 2) خاس ئىسىم يەنى ئادەم ئىسمى بولۇپ كېلىدۇ. بۇ سۆز 2"UW" دە tökäl دەپ ترانسكرىپسىيە قىلىنغان. بىزنىڭچە بۇ مۇۋاپىق ئەمەس. چۈنكى، بۇ سۆز -tügə "تۈگىمەك، ئاخىرلاشماق" دېگەن پېئىل يىلتىزىغا تۈرغۇن سۆز ياسىغۇچى l+ قوشۇلۇپ ياسالغان. يەنى ھازىرقى] تىلىمىزدا ناھايىتى كۆپ قوللىنىلىدىغان "تۈگەل" دېگەن سۆز (رەۋىش)نىڭ دەل ئۆزىدۇر. ئىككى سوزۇق تاۋۇش ئوتتۇرىسىدا كەلگەن جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ جاراڭلىقلىشىشى تۈركىي تىللىرىنىڭ ئەڭ مۇھىم فونېتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرىدۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە قەدىمكى تىلدىكى ناھايىتى كۆپ ھادىسىلەر ھازىرقى زامان تىللىرىدا ساقلانغان بولىدۇ. ئۇيغۇر تىلى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ داۋامى بولغانىكەن، tügəl دەپ ئېلىش ھەم تىل قانۇنىيىتىگە ھەم مەنتىقىگە ئۇيغۇنراق تۇرىدۇ

6، 7. [birdim] (بەردىم): بۇ سۆز ۋەسىقىنى يازغۇچى تەرىپىدىن خاتا ۋە نوشۇقچە يېزىلىپ قالغان، بىراق ئۆچۈرۈۋېتىلمىگەن.

7. siqï: خەنزۇچە 四季 نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى. "پاسىل" دېگەن مەنىدە.

12. kam: خەنزۇچە 家 نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولغان "ka" نىڭ تەۋەلىك I- شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى #m بىلەن تۈرلىنىشىدىن ھاسىل بولغان بۇ سۆز "ئائىلەم، ئۇرۇقۇم، جەمەتىم" دېگەن مەنىلەرگە ئىگە.

14. ki(m ərsər) (كىم بولسا، كىمكى): 2"UW" دىكى Sa01 نىڭ ترانسكرىپسىيىسىدە، بۇ سۆزلەر ki(.)//(.) قىلىپ كۆرسىتىلگەن. بىز بۇ ۋەسىقىنىڭ فوتو سۈرىتىدىن (3"UW" گە قاراڭ) ki گە m ھەرپىنىڭ ئۇلىنىپ كەلگەنلىكىنى پەرق ئەتتۇق ۋە (.)//(.) ئورنىدىكى يوقالغان سۆزنى ərsər دەپ ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ترانسكرىپسىيە قىلدۇق.

14. ixi: ix (ئىش، ئەمەل) دېگەن سۆزگە +i قوشۇلۇپ، "ئەمەلدار" مەنىسىدە كەلگەن.

20B: بۇ ۋەسىقىنىڭ 20: قۇرىنىڭ ئۇنىڭ كەينى بېتىگە يېزىلغانلىقىنى

بىلدۈرىدۇ.

يەشمىسى:

1. ... (يىل) ئون ئىككىنچى ئاينىڭ بىرىنچى كۈنى، مەن ئادىغ تارخانغا

2. ئىشلىتىشكە (قاپنۇ) كېرەك بولدى. (شۇڭا) چا/مغۇقتىكى بىر شىغى (دادەنلىك) يېرىمىنى

3. ئالپ تاش ساڭۇن ئاتلىق (كىشىگە) مۇۋاپىق-لايىقىدا ساتتىم. باھاسىنى مۇنداق

4. پۇتتۇشتۇق، (يەنى) قوچو بازىرىدا ئۆتىدىغان، ئىككى ئۈچى جىيەكلىك ئوتتۇرىسىغا

5. تامغا بېسىلغان يۈز قاپنۇغا توختاتتۇق. بۇ يۈز قاپنۇنى ھۆججەت

6. يېزىلغان كۈنى (مەن تاش ساڭۇن) ساق بەردىم؛ مەن ئادىغ تارخانمۇ ساق

7. ئالدىم. ... (بۇ) يەرنىڭ پاسىلى، شىمال تەرەپتىن ئالپ تاش سىڭقۇر

8. ساڭۇننىڭ يېرى بىلەن ئايرىلىدۇ، غەرب تەرەپتىن ساڭۇن ئۆگەنىڭ يېرى بىلەن ئايرىلىدۇ،

9. جەنۇب تەرەپتىن قۇمار ساڭۇننىڭ يېرى بىلەن ئايرىلىدۇ، شەرق تەرەپتىن

10. مەن ئالپ تاش ساڭۇننىڭ يېرى بىلەن ئايرىلىدۇ. بۇ يەر مىڭ يىل، تۈمەن

11. كۈنگە قەدەر ئالپ تاش ساڭۇننىڭ ئىختىيارىدا بولسۇن. مەن ئادىغ تارخان-

12. سىنىڭ ئىنىم، ئاكام، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىم (يەرنى) سورىمىسۇن، تەلەپ قىلمىسۇن. سورىماقچى،

13. تەلەپ قىلماقچى بولسا، سۆزلىرى ئاقمىسۇن. ئالپ تاش ساڭۇننىڭ سۆزى

14. ئۆتسۇن. كىمكى بەگ ئەمەلدارلارنىڭ كۈچىگە تايىنىپ تالاشماقچى، جېدەل قىلماقچى بولسا، بۇ

15. دەريا بويىدىن ئالىپ تاش ساڭۇنغا يەر تەييارلاپ بەرسۇن. بۇ سۆزگە

16. گۇۋاھچى قىز/////ن، گۇۋاھچى توڭقارا ساڭۇن، (يېنىمدا) قاراپ ئولتۇرغۇچى ئىنىم

17. بۇتۇر. بۇ تامغا مەن ئادىغ تارخاننىڭ (ۋە) ئوغلۇم قارامۇزقىنىڭدۇر.

18. ئالغۇچى، بەرگۈچىدىن تەپسىلىي سوراپ مەن پۇسارتۇ سىنقاي تاپا

19. يازدىم.

20. بۇ ھۆججەت (ئادىغ) تارخاننىڭ يەر خېتىدۇر.

## 2 (1 - 2)

1 ḳoyn yïl aram ay bir yangiḳa mən ḳara-nïng yig bürt (?)

2 yunglḳ-lïḳ twar krgək bolup aṭïn b(i)rgüm yoḳ üqün

3 kiṭin ḳïrata ḳazï kitrin(?)-tə iqim ḳanquḳ bilə tüz

4 ülüx-lüg iq(=üq) xïğ yirim atï ḳutluğ tax-ḳa toğuru

5 tomlïḍu sadïm satïğ ḳunpusïn ïnqa sθzləxdimiz

üq
6 yüz bix otuz ķunpuķa üşüxtümz bu bitig ķïlmïx kün
7 üzə mən ķutluğ tax üq yüz bix otuz ķunpunï bir
8 əksüksüz tügəl s(a)n(a)p birtim mən yig ymə tügəl s(a)nap
9 altïm bu yir-ning sïqïsï ɵrü yïngaķ ɵgən aţïrar ɵng-
10 tün yïngaķ toyïqaķ(?) yiri adïrar. ķodï yïngaķ ɵgən
11 lusay yirin-gə barğu ɵgən aţïrr. kiţin yïngaķ yanyaķ(?)
12 ïnal yiri aţïrar. bu tɵrt sïqïlïğ yir üzə ming
13 yïl tümn künkə ḍəgi ķutluğ tax ərklig bolzun taplasar
14 ɵzi tarïzun taplamasar adïn kixi-kə ɵḍkürü saḍzun
15 mən yig bürt-nüng inim iqim ķam ķaţaxïm ayïtmazun
16 isḍəməzün taķï bir ɵk [=bir ɵk] ərklig bəg ixi küqin tuḍup
17 ķam küq ķïlïp yulğlï alğlï saķïnsar-lar bu oķ
18 ɵgən-tə oķ yir tənginqə yir ķuḍluğ tax-ķa yaraḍu
19 birip alzun-lar bu bitig tuḍa ķutluğ tax ķorsuz
20 bolzun mən yig bürt-nüng inim iqim ķam ķadaxïm
21 ķorluğ bolzun-lar tanuķ bəg ər sangun tanuķ bɵngə(?)
22 tanuķ süngüx bu tamğa mən yig bürt-nüng ol

ئىزاھلار:

4. iq: ۋەسىقىنى يازغۇچىنىڭ سەۋەنلىكى تۈپەيلىدىن ئەسلى تېكىستتە üq (ئۈچ) سۆزى "iç" (ئىچ) دەپ يېزىلىپ قالغان. بىراق، ئەسلى تېكىستتە ئۇنىڭغا تۈزىتىش بېرىلمىگەن.

5. saḍïm (ساتتىم، سېتتىم): بۇ سۆزنىڭ ئەسلى يىلتىزى sat- بولۇپ، سۆز يىلتىزىدىكى t تاۋۇشى بىلەن d نۆۋەتلەشتۈرۈلگەن. بۇ سۆز ۋەسىقە 1(1-1) نىڭ 3- قۇرىدىكىدەك saḍtïm ياكى (1-4) 4 نىڭ 4- قۇرىدىكىدەك satdïm دەپ يېزىلمىغان. شۇنىڭدىن قارىغاندا، كاتىپ بۇ سۆزنى sad(d)ïm دەپ تەلەپپۇز قىلغان ۋە قەدىمكى ئۇيغۇرچە ئىملادا تەكرارلانغان ئۈزۈك تاۋۇشنىڭ بىرىنىلا يېزىشتەك ئادەتكە ئاساسەن، بۇ سۆزدىكى يەنە بىر d ھەرپىنى يازمىغان بولسا كېرەك.

5. kunpu (قۇنپۇ): 官布 نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسىنىڭ بىر خىل شەكلى. ۋەسىقە (1-1) 1 ئىزاھاتىنىڭ 5- سىگە قاراڭ.

11. aḍïr (ئايرىيدۇ): بۇ سۆزنىڭ ئەسلى يىلتىزى adïr- (ئايرىماق) بولۇپ، سۆز يىلتىزىدىكى d تاۋۇشى بىلەن t نۆۋەتلەشتۈرۈلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا، ئىملادا بۇ سۆزدىكى ئىككى r ھەرپىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كېلىدىغان سوزۇق تاۋۇش a (ياكى ï) چۈشۈپ قالغان. (يەنى بۇ سۆز aḍïrar ياكى adïrïr دېپ يېزىلىشى كېرەك ئىدى). ۋەسىقىلەر ئىملاسىدا، بىر سۆز ئوتتۇرىسىدا كېلىدىغان سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىش ئەھۋالى دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ. بىراق، تېكىست مەزمۇنىغا ياكى شۇ خىل سۆزلەرنىڭ ۋەسىقىنىڭ باشقا قۇرلىرىدا ئۇچرايدىغان تولۇق يېزىلىش شەكلىگە ئاساسەن، قايسى سوزۇق تاۋۇشنىڭ چۈشۈپ قالغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. شۇڭا، ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ترانسكرىپسىيە قىلمىسىمۇ ئوقۇرمەنلەر كۆرۈپ پەرق ئېتەلايدۇ. شۇڭا، باشقا جايلاردا بۇنداق سۆزلەرگە ئىزاھ بەرمىسەكمۇ بولىدىغۇ دېگەن پىكىرگە كەلدۇق.

17. ḳam kïlq ḳïlip (جەمەتىم زورلۇق قىلىپ): بۇ سۆزلەر 2"UW"
دىكى Sa02نىڭ بەشىسىدە "قام (شامان) كۆچنى كۆرسىتىپ" دەپ تەرجىمە
قىلىنغان. بىز ئۇنى "جەمەتىم زورلۇق قىلىپ" دەپ بەشىمە بەردۇق. بۇنىڭدا
مۇنداق ئىككى ئىرقتىغا ئاساسلاندۇق: بىرىنچى، ئەسلى تېكىستتە، ئۇ "ḳam
kïlqin tutup" ["قام (شامان) كۆچنى كۆرسىتىپ" ياكى "قام كۆچىگە
تايىنىپ" دىگەن مەنىدە] دەپ يېزىلمىغان. ئىككىنچى، "ḳam" ئاتالغۇسىنى،
ḳa (خەنزۇچە * نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى) بىلەن #m (تەۋەلىك I- شەخس،
بىرلىك قوشۇمچىسى)نىڭ قوشۇلۇشىدىن تۈزۈلگەن، "ئائىلەم، جەمەتىم، ئۇرۇقۇم"
دىگەن مەنىلەرگە ئىگە دەپ چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ.

17. yulğlï alğlï (يۇلغىلى-ئالغىلى): -yul پېئىلىنىڭ ئەسلى مەنىسى "يۇلماق" بولۇپ، ۋەسىقىلەردە "ھەق تۆلەپ سېتىۋالماق" ياكى "قايتۇرۇپ سېتىۋالماق" دىگەن مەنىدە كېلىدۇ. -al پېئىلىنىڭ ئەسلى مەنىسى "ئالماق" بولۇپ، "سېتىۋالماق" مەنىسىدىمۇ كېلىدۇ. شۇڭا، بىز ۋەسىقىلەردە ئۇچرايدىغان "yulğlï alğlï saḳïnsar"نى گەپنى ئۆزارتماي "قايتۇرۇپ سېتىۋالماقچى بولسا" دەپ بەشىمە قىلدۇق. ئەلۋەتتە ئۇنى "ھەق تۆلەپ قايتۇرۇۋالماقچى بولسا" دەپ بەشىمە قىلىشقىمۇ بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، -al، -yul پېئىللىرى ۋەسىقە (1-3) 3 نىڭ 15- ئۆرىدىكىدەك شەكىلدە كەلسە، يەنى "alayïn yulayïn tisər" دەپ كەلسە، ئۇنىمۇ "تېلىۋالاي، ھەق تۆلەپ سېتىۋالاي دىسە" دەپ يەشمە قىلىپ ئولتۇرماستىن، ئىخچام، چۈشىنىشلىك قىلىپ "قايتۇرۇپ سېتىۋالاي دىسە" دەپ يەشمە قىلدۇق. يەنە، ۋەسىقىلەردە ئۇچرايدىغان "yultaqï kixi"نى "قايتۇرۇپ سېتىۋالغۇچى كىشى"، "yulup alzun"نى "قايتۇرۇپ سېتىۋالسۇن" دەپ يەشمە قىلدۇق.

yulğlï alğlï دا، -yul ۋە -al پېئىللىرىغا قوشۇلغان مەقسەت رەۋىشدىشى قوشۇمچىسى ğali- نىڭ بىرىنچى بوغۇمىدىكى سوزۇق تاۋۇش a ھەرپى، ۋەسىقىلەر ئىملاسىدا كۆپ ھاللاردا يېزىلمىغان. بۇ ۋەسىقىلەر ئىملاسىدىكى بىر ئالاھىدىلىك ھېسابلىنىدۇ.

يەشمىسى:

1. قوي يىلى بىرىنچى ئاينىڭ بىرىنچى كۈنى، مەن قارانىڭ (ئوغلى؟) يىگ بۆرتكە

2. ئىشلىتىشكە تاۋار كېرەك بولۇپ، باشقا بېرىدىغان نەرسەم بولمىغانلىقى ئۈچۈن،

3. ئارقا (غەرب) تۈزلەڭلىكتىكى، قازى كىترىن (دېگەن جايدا) ئاكام قانچۇق بىلەن تەڭ

4. ئۆلشىپ ئالغان ئۈچ شىغ (دادىنلىك) بېرىمنى قۇتلۇق تاش ئىسىملىك (كىشىگە) مۇۋاپىق -

5. لايىقىدا ساتتىم. باھاسىنى مۇنداق پۈتۈشتۇق: (يەرنى) ئۈچ

6. يۈز يىگىرمە بەش قۇنپۇغا توختاتتۇق. بۇ ھۆججەتنى تۈزگەن كۈن-

7. ى مەن قۇتلۇغ تاش ئۈچ يۈز يىگىرمە بەش قۇنپۇنى بىرى

8. كەم ئەمەس، ساق ساناپ بەردىم. مەن يىگمۇ ساق ساناپ

9. ئالدىم. بۇ يەرنىڭ پاسىلىنى شىمال تەرەپتىن ئۆستەڭ ئايرىيدۇ، شەرق

10. تەرەپتىن تويىنچاق(نىڭ) يېرى ئايرىيدۇ، جەنۇب تەرەپتىن ئۆستەڭ،

11. (يەنى) لۇسايىنىڭ يېرىگە بارىدىغان ئۆستەڭ ئايرىيدۇ، غەرب تەرەپتىن يانىياق

12. ئىنالنىڭ يېرى ئايرىيدۇ. بۇ تۆت پاسىللىق يەر مىڭ

13. يىل، تۈمەن كۈنگە قەدەر قۇتلۇغ تاشنىڭ ئىختىيارىدا بولسۇن. خالىسا،

14. ئۆزى تېرىسۇن؛ خالىمىسا، باشقا كىشىگە ئۆتكۈزۈپ ساتسۇن.

15. مەن يىگ بۆرتنىڭ ئىنىم، ئاكام، ئۇرۇغ-تۇغقانلىرىم (يەرنى)

سورىمىسۇن-

16. تەلەپ قىلمىسۇن. ئەگەر، ھوقۇقدار بەگ ئەمەلدارلارنىڭ كۈچىگە تايىنىپ،

17. جەمەتىم زورلۇق قىلىپ (يەرنى) قايتۇرۇپ سېتىۋالماقچى بولسا، مۇشۇ

18. ئۆستەڭ بويىدىكى يەرگە تەڭ كېلىدىغان يەرنى قۇتلۇغ تاشقا تەييارلاپ

19. بېرىپ (ئاندىن) يەرنى قايتۇرۇۋالسۇن. بۇ ھۆججەتنى ساقلىغۇچى قۇتلۇغ تاش زىيان تارتمايدىغان

20. بولسۇن. مەن يىگ بۇرتىنىڭ ئىنىم، ناكام، ئۇرۇغ-تۇغقانلىرىم

21. زىيان تارتسۇن. گۇۋاھچى بەگ ئەر ساڭۇن، گۇۋاھچى بۆكە،

22. گۇۋاھچى سۈڭۈش. بۇ تامغا مەن يىگ بۇرتىنىڭدۇر.

## 3(1 – 3)

1 ķoyn yïl qhxapt ay üq otuz-ķa biz-inggə yrp

2 yanga-ķa ədgü-kə ikigükə yunglaķ-lïķ ķunpu kərgək bolup

3 üstün θgən üzə suwaķ-lïğ yiti sïğ atlğ yimgiqi(?) yir-

4 imz-ni ķutadmïx-ķa toğuru (tom)lïdu satdïmz satïğ ķunpuȥïn

5 ïnqa sθzləxtimz bukün //// kiṭini yorïr iki uqï kin-

6 lig otra tamğalïğ üq ming iki yüz ʹəlig ķunpu-

7 ķa üşüxtümz bu ķunpu-nï mən ķutadmïx bitig ķïlmïx kün

8 üzə tügəl birtim mən yrp yanga ədgü birlə tügəl

altïmz

9 bukün-tə mïnqa bu yir üzə ming yïl tümn künkə təgi -i

10 kutadmïx ʹərklig bolzun taplasar ɵzi tutzun taplamasar

11 aṭïn kixi<kə> ɵtkürü satzun mən yrp yanga-nïng ədgününg

12 iqimiz inimiz ḳamïz ḳaṭaxïmïz oğulumïz ḳïzïmz ayïtmaz-

13 un istəməzün ayïtğlï istəgli saḳïnsar-lar sawlarï

14 yorïmazun-lar birɵk ʹərklig bəg ixi küqin tutup

15 alayïn yulayïn tisər-lər bu oḳ ɵgən-tə bu yir tngin-

16 qə iki yir birip alzun-lar bu yir-ning sïqïsï ɵngtün

17 yïngaḳ ağïlïḳ sanlïğ yir küntün yïngaḳ ymə ağïlïḳ

18 sanlïğ yir kiṭin yïngaḳ ymə ağïlïḳ sanlïğ yir tağ-tïn

19 yïngaḳ kiqiky-ə yiri aṭïrar bu oḳ yir-ning tipmsay(?) tay-

20 pukü ɵgən ḳïṭïğ-ïn-ta yazï kiqig-tə bir uluğ atïz bir

21 ḳansan(?) birlə tanuḳ ḳulunqung tutung[=totuḳ(?)] tanuḳ taz tanuḳ

22 ḳanturmïx tanuḳ abïquḳ mən sutağï bizi bular-ḳa

23 ayïḍïp bitidim bu tamğa mən yrp yanga-nïng ədgününg ol

24 bu saw-ta ḳayu-sï ağï-sar-biz üqər yüz bixər otuz ḳunpu

25 iqrə ḳuwpar birüxür-biz

26B (yr)p yanga-tïn almïx yir -ning bitigi

ئىزاھلار:

1. q(a)hxap(u)t: ۋەسىقە (1-1) 1 نىڭ ئىزاھاتىدىكى "qahxaput"قا قاراڭ.

1. biz-inggə (بىزگە): ۋەسىقىلەردە biz (بىز)نىڭ يۆنىلىش كېلىش بىلەن تۈرلەنگەن مۇنداق شەكىللىرى ئۇچرايدۇ: bizinggə، bizingə، bizkə. bizingə بولسا، قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەردە كۆپ ئۇچرايدىغان تۈرلىنىش شەكلى، يەنى قەدىمىي تۈرلىنىش شەكلى ھېسابلىنىدۇ، بۇ يەردە biz دېگەن بىرىنچى شەخس كۆپلۈك ئالمىشىغا ئالدى بىلەن ئالماشلارنىڭ قەدىمكى ئېگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى ing# قوشۇلۇپ، ئاندىن قەدىمكى يۆنىلىش كېلىش قوشۇمچىسىنىڭ بىر خىلى بولغان ə# قوشۇمچىسى قوشۇلغان؛ bizinggə بولسا، ئوخشاشلا biz دېگەن بىرىنچى شەخس كۆپلۈك ئالمىشىغا ئالدى بىلەن ئالماشلارنىڭ قەدىمكى ئېگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى ing# قوشۇلۇپ، ئاندىن قەدىمكى يۆنىلىش كېلىش قوشۇمچىسىنىڭ باشقا بىر خىلى (بەزىلەر بۇنى كېيىنرەك شەكىللەنگەن دەپ قارايدۇ) بولغان gə# قوشۇمچىسى قوشۇلغان؛ bizkə (ئاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش قائىدىسىگە ئاساسلانغاندا، توغرىسى bizgə) بولسا، biz دېگەن بىرىنچى شەخس كۆپلۈك ئالمىشىغا ئالدى بىلەن ئالماشلارنىڭ قەدىمكى ئېگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى ing# قوشۇلماستىن، خۇددى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكىگە ئوخشاش، ئالماشقا بىۋاسىتە يۆنىلىش كېلىش قوشۇمچىسى #gə/#kə قوشۇلغان. بۇقىرىدىكىلەردىن، بىز ۋەسىقىلەرنىڭ تىلىدا bizنىڭ يۆنىلىش كېلىش بىلەن تۈرلەنگەن ئۈچ خىل شەكلىنىڭ ئارىلىشىپ قوللىنىلغانلىقىنى، بۇ شەكىللەرنىڭ ئۆتكۈنچى ھالەتتە تۇرۇۋاتقانلىقىنى، تۈرلىنىشنىڭ مۇرەككەپلىكتىن ئاددىيلىققا قاراپ يۈزلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

2. kərgək: بۇ سۆز 2"UW" دە krgək دەپ ترانسكرىپسىيە قىلىنىپ ئالىنغان.

3. xïğ: ۋەسقە (1-1) 1نىڭ ئىزاھاتىدىكى xïğï غا قاراڭ.

3. (?) yimgiqi (يىمگىچى): بۇ سۆزنىڭ مەنىسى تازا ئېنىق ئەمەس. ئۇنىڭ سۆز تومۇرى yi- ("يېمەك" دېگەن مەنىدە) بولۇپ، بۇ سۆز بۇ يەردە يېمەكلىك (ئوزۇقلۇق) ياكى ئاشلىق بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى كېرەك. yimgiqi ئېھتىمال yimigqi (=yiməkqi)نىڭ خاتا يېزىلىپ قالغان شەكلى بولۇشى كېرەك. yimək سۆزى قەدىمكى ئۇيغۇرچىدا "ئوزۇق، تائام، يېمەكلىك" دېگەن مەنىلەرگە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭغا سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە qi+ قوشۇلۇپ، yiməkqi دېگەن سۆز ياسىلىشى مۇمكىن. بۇ قەدىمكى ئۇيغۇرچىدىكى axqï (ax+qï، "ئاش ئەتكۈچى، ئاش ئېتىپ بەرگۈچى، ئاشپەز" دېگەن مەنىدە) سۆزىنىڭ ياسىلىشىغا ئوخشايدۇ. شۇڭا، بىز yimgiqi دېگەن سۆزنى يەشمىدە "ئوزۇق بەرگۈچى" دەپ ئېلىپ تۇردۇق. شۇ ئاساستا "yiti xïğ atlğ yimgiqi yirimizni" نى "يەتتە شىغ ئاتلىق (يەتتە دادەن)، ئاش-ئوزۇق بەرگۈچى يېرىمىزنى" دەپ چۈشەنسەكمۇ بولىدۇ.

6. iki yüz əlig (ئىككى يۈز ئەللىك): ئەسلى تېكىستتە iki بىلەن yüz نىڭ ئارىلىقىدا، بېشى p (ياكى b) تاۋۇشى بىلەن كەلگەن بىر سۆز ئارتۇقچە ياكى خاتا يېزىلىپ قالغاچقا ئۆچۈرۈۋېتىلگەن (قالغان ھەرپلەرنى تونۇغىلى بولمايدۇ). { } بەلگىسى ئىچىگە ئېلىنغانلىقى، ئۇنىڭ بۇ ھۆججەتكە نىسبەتەن ئارتۇقچە سۆز ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

6. ķunpu: ۋەسقە (1-1) 1 نىڭ ئىزاھاتىدىكى "ķanpu"غا قاراڭ.

11. kixi(kə): ئەسلى تېكىستتە يۇنىلىش كېلىش قوشۇمچىسى "kə#" چۈشۈپ قالغان.

19-20. taypukü: بۇ ئۆستەڭ نامى خەنزۇچىدىن كەلگەن. taypu خەنزۇچە 大[illegible] دىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن (ئەلۋەتتە بۇنى ئېنىقلاشقا توغرا كېلىدۇ). kü- بولسا، [illegible] (ئۆستەڭ) سۆزىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى. شۇڭا، يەشمىدە "تايپۇ ئۆستىڭى" دەپ ئېلىندى.

20. yazï kiqig (يازى كىچىك): بۇ يەردە يەر نامى بولۇپ كەلگەن.

نەسلى مەنىسى "تۈزلەڭ كىچىك" ياكى "تۈزكىچىك".

21. (?) kansan: دوكتور P. Zieme ئىلگىرى بۇ سۆزنى kaasaa (kāšā~) دەپ ترانسكرىپسىيە قىلىشقىمۇ بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇنىڭغا "قورۇق؛ قورو" دەپ مەنە بەرگەن. بۇ سۆزنى kaasaa قىلىپ ترانسكرىپسىيە قىلىش زورمۇ زور بولۇپ قالغان.

21. tutuk: بۇ ئاتالغۇ "UW"2 دە tutung دەپ ترانسكرىپسىيە قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ tutuk بولۇش ئېھتىمالى نەزەردە تۇتۇلۇپ، [(?) tutung [= tutuk شەكلىدە ترانسكرىپسىيە قىلىنغان. بىز بۇ ۋەسىقىنىڭ پۈچىركىسىغا ئاساسەن، بۇ ئاتالغۇنىڭ ئەسلىدە tutuk يېزىلىپ، k ھەرپىنىڭ ئالدىدىكى ئۇششۇقچە يېزىلىپ قالغان u ھەرپىنىڭ ئۆچۈرۈلگەنلىكىنى (چالا ئۆچۈرۈلۈپ قالغان) جەزم قىلدۇق (بۇنى مەزكۇر ۋەسىقىنىڭ "UW"3. تىكى فوتو سۈرىتىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ). tutuk سۆزى خەنزۇچىدىكى都督 نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى. tutuk بۇ ۋەسىقىدە كىشى ئىسمى بولۇپ كەلگەن.都督 ئاتالغۇسى خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، ئۈچ پادشاھلىق دەۋرلىرىدە شەكىللەنگەن ھەربىي ئۇنۋان نامى بولۇپ، كېيىن تەرەققىي قىلىپ، يەرلىكنىڭ ھەربىي قوماندانىنى بىلدۈرىدىغان بولغان.

يەشمىسى:

1. قوي يىلى ئون ئىككىنچى ئاينىڭ يىگىرمە ئۈچىنچى كۈنى، بىزگە (يەنى) يارىپ

2. ياڭا (ۋە) ئەدگۈ ئىككىمىزگە ئىشلىتىش ئۈچۈن قوناق كېرەك بولۇپ،

3. يۇقىرىقى ئۆستەڭ بىلەن سۇغىرىلىدىغان، يەتتە شىغ (دادىلىك دەپ) ئاتالغان ئورۇق بەرگۈچى (؟) يېرى-

4. مىزنى قۇتادمىشقا مۇۋاپىق-لايىقىدا ساتتۇق. باھاسىنى

5. مۆنداق يۆتۈشتۇق: (يەنى) ھازىر ... بازاردا ئۆتتىدىغان ئىككى ئۆچى

6. جىيەكلىك ئوتتۇرىسىغا تامغا بېسىلغان ئۆچ مىڭ ئىككى يۈز ئەللىك قوْنپۇ-

7. غا توختاشتۇق. بۇ قوْنپۇنى مەن قوْتادمىش (بۇ) ھۆججەت تۈزۈلگەن كۈن-

8. ى ساق بەردىم. مەن يارىپ ياكُا ئەدگۈ بىلەن بىرلىكتە ساق ئالدۇق.

9. بۇگۈندىن ئېتىبارەن، بۇ يەر مىڭ يىل تۇمەن كۈنگە قەدەر

10. قوْتادمىشنىڭ ئىختىيارىدا بولسۇن. خالىسا، ئۆزى تۇتسۇن، خالىمسا،

11. باشقا كىشىگە ئۆتكۈزۈپ ساتسۇن. مەن يارىپ ياكُانىڭ (ۋە) ئەدگۈنىڭ

12. ئاكىمىز، ئىنىمىز، ئورۇق-تۇغقانلىرىمىز، ئوغۇل-قىزلىرىمىز (يەرنى) سورىمى-

13. سۇن، تەلەپ قىلمىسۇن. سورىماقچى، تەلەپ قىلماقچى بولسا، سۆزلىرى

14. ئاقمىسۇن. ئەگەر ھوقۇقدار بەگ ئەمەلدارلارنىڭ كۈچىگە تايىنىپ،

15. (يەرنى) قايتۇرۇپ سىپتىۋالاي دېسە، دەل مۇشۇ ئۆستەڭ بويىدا مۇشۇ يەردەك

16. ئىككى (پارچە) يەر بېرىپ (ئاندىن قايتۇرۇپ) ئالسۇن. بۇ يەرنىڭ پاسىلى شەرق

17. تەرەپتىن خەزىنىگە قاراشلىق يەر، جەنۇب تەرەپتىمۇ خەزىنىگە

18. قاراشلىق يەر، غەرب تەرەپتىمۇ خەزىنىگە قاراشلىق يەر،

شىمال

19. تەرەپتىن كىچىكيەنىڭ بىرى بىلەن ئايرىلىدۇ. بۇ يەر تېپىسساي، تاپ-

20. -يۈكۈ ئۈستىگى قىرغىقىدىكى يازى كىچىك (دېگەن يەردىكى) نەڭ چوڭ ئېتىز ۋە بىر

21. قانسان (؟) بىلەن بىر يەردە. گۇۋاھچى قۇلۇنچۇڭ تۇتۇڭ، گۇۋاھچى تاز، گۇۋاھچى

22. قانتۇرمىش، گۇۋاھچى ئابىچۇق. مەن سۇتاغى بىزى بولاردىن

23. سوراپ يازدىم. بۇ تامغا مەن يارپ ياڭا (ۋە) ئەدگۈنىڭدۇر.

24. بۇ سۆزدىن قايسىمىز تانساق، ئۈچ يۈز يىگىرمە بەش قۇنپۇ

25. جەرىمانە تۆلەيلى.

26B. يارپ ياڭادىن ئالغان يەرنىڭ خېتى.

## 4 (1 - 4)

1 (bi)qin yïl alt(ïnq ay) yiti yangïḳa manga xabï-ḳa

2 yunglḳ-lïḳ ḳuanpu krgək bolup tsinküü ɵgən üz(ə)

3 suwḳlïğ bir xïğ səkiz küri uruğ kirür yir-imin

4 basmïl-ḳa toğuru tomlïdu satdïm satïğ ḳuanpu-s(ïn)

5 ïnqa sɵzləxdimz ḳoqo kidini yorïr iki uqï kin-

6 lig otura tamğalïğ üq ming bix yüz ḳuanpu-ḳa

7 kəpəzi birlə kəẓixdimz bu ḳuanpuğ bitig ḳïlmïx kün

8 üzə mən basmïl tügəl birtim mən xabï ymə bir əksük-

9 süz tügəl sanap altïm bu yir-ning sïqïsï ɵngtün

10 yïngaḳ basmïl-nïng yir küntin yïngaḳ tngrim
11 wrlır-ïntḳï yir kidin yïngaḳ taypukü θgən
12 tağdïn yïngaḳ uluğ yol aṭïrar bu tθrt sïqï
13 iqindəki yir-kə ming yïl tümən kün-kə t(ə)gi
14 basmïl ərklig bolzun taplasar θzi tutzun taplamasar
15 adïn kixi-kə θtkürü satzun mən xabï-nïng
16 oğulum ḳïzïm iqim inim ḳam ḳatxïm ygənim
17 tağayïm aytmazun istməzün aytğlï istgli sḳïnsr
18 sawlarï yorïmazun taḳï birθk ərklig bəg ixi küq-
19 in tutup alayïn yulayïn tisər-lər bu oḳ θgən
20 üzə suwaḳ-lïğ iki tanqu yir yaratu birip yulup
21 alzun yultaqï kixi ḳor-luğ bolzun basmïl ḳor-suuz
22 bolzun tanuḳ yapïğ totuḳ tanuḳ tolu bəg totuḳ
23 tanuḳ satğr yimək tanuḳ songsuz toyïn mən bəg
24 toğ<r>ïl bitidim bu tamğa mən xabï-nïng ol
25B (xa)bï-ta almï(x) /// (bi)tigi

---

ئىزاھلار:

2. tsinküü: بۇ ئۆستەڭ نامىمۇ خەنزۇچىدىن كەلگەن. tsin نىڭ خەنزۇچە قايسى سۆزنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئېنىقلاشقا توغرا كېلىدۇ. küü بولسا 渠 (ئۆستەڭ)نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى. ئەسلى تېكىستتە tsinkü دىن كېيىن θgən (ئۆستەڭ) سۆزى كەلگەنلىكى ئۈچۈن، يەشمىدە "تسىنكۈ ئۆستىڭى" دەپ ئېلىندى.

3. bir xïğ səkiz küri uruğ kirür yir (بىر دادەن سەككىز كۈرە ئۇرۇق چېچىلىدىغان يەر): بۇ، قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەردىكى "xïğ ... yir"، "küri yir ..." دېگەن ئاتالغۇلارنىڭ "... دادەن ئۇرۇق چېچىلىدىغان يەر"، "... كۈرە ئۇرۇق چېچىلىدىغان يەر" دېگەن مەنىدە، يەر كۆلىمىنى

كۆرسىتىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بەشمىنىڭ راۋان، چۈشىنىشلىك بولۇشى ئۈچۈن، ئەسلىدە بۇ ۋەسىقىنىڭ 7- قۇرنىڭ بېشىدا كەلگەن "كېپەزى بىلەن" (kəpəzi birlə) دېگەن سۆز 3- قۇرنىڭ ئاخىرىغا يۆتكەلدى.

7. bitig ķilmïx kün üzə (ھۆججەت پۈتۈلگەن كۈنى): ئەسلى مەنىسى "ھۆججەت قىلىنغان كۈنى، توختام تۈزۈلگەن كۈنى". بىز "ھۆججەت پۈتۈلگەن كۈنى" دەپ ئالدۇق.

kəpəzi birlə (كېپەزى بىلەن): بۇ سۆز مەزكۇر ۋەسىقىدىكى يەر ساتقۇچى شابىنىڭ ئالغۇچى باسمىلغا (باسمىل قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تاشقى 9- قەبىلىسىدىن بىرىنىڭ نامى بولۇپ، بۇ يەردە كىشى ئىسمى بولۇپ كەلگەن) ئۆزى يېرىنى كېپەزى بىلەن قوشۇپ ساتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بەشمىنىڭ راۋان بولۇشى ئۈچۈن، بۇ سۆز 7- قۇرنىڭ بېشىدىن 3- قۇرنىڭ ئاخىرىغا يۆتكەلدى.

11. wrhr-ïntķï: vrhr سانسكرىتچە vihāra ("ئىبادەتخانا" مەنىسىدە)دىن كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭغا قەدىمكى ئۇيغۇرچىدىكى III شەخس قوشۇمچىسى ï-، ياردەمچى تاۋۇش -n-، ئاخىرىغا ئورۇن پەلگە كېلىش قوشۇمچىسى (#taķï) -tķï قوشۇمچىلىرى قوشۇلۇپ كەلگەن.

23. toyïn: 道人 نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى. سانسكرىتچىدىكى bhiksu (بىكسۇ)غا توغرا كېلىدۇ. بۇددا دىنىدا، دەرۋىشلىككە قەدەم قويغاندىن كېيىن پەرھىز تۇتقان ئەر راھىبلارنى كۆرسىتىدۇ. 道人 ئەسلىدە تەرىقەتچىلىك (داۋجىياۋ) ئەقىدىسىگە ئېتىقاد قىلىدىغان ۋە ئۇنىڭ ھۈنەر-گۈمپىسىنى مەشىق قىلغان مۇرىتلارنى كۆرسىتەتتى. بۇددا دىنى جۇڭگوغا كىرگەندە دەسلەپكى مەزگىللەردە، بۇددا دىنى راھىبلىرىمۇ 道人 دەپ ئاتالغان. قەدىمكى ئۇيغۇرچە بۇددا نوملىرىدا، toyïn (بۇددا دىنى راھىبىنى كۆرسىتىدۇ) ئاتالغۇسى كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇ ئاتالغۇ مەزكۇر ۋەسىقىدە كىشى ئىسمى بولۇپ كەلگەن.

يەشمىسى:

1. مايمۇن يىلى ئالتىنچى (ئاينىڭ) يەتتىنچى كۈنى، ماڭا (يەنى) شابىغا

2. ئىشلىتىش ئۈچۈن قۇنپۇ كېرەك بولۇپ، تىسىنكۇ ئۆستىگى بىلەن

3. سۇغىرىلىدىغان، بىر شىغ (دادەن) سەككىز گۈرە ئۇرۇق تېرىلىدىغان يېرىمنى كېۋىزى بىلەن

4. باسمىلغا مۇۋاپىق-لايىقىدا ساتتىم. باھاسىنى

5. مۇنداق پۈتتۈشتۇق: (يەنى) قوچو بازىرىدا ئۆتىدىغان، ئىككى ئۈچى يول-

6. ئۇلۇق (جىيەكلىك)، ئوتتۇرىسىدا تامغىسى بار ئۈچ مىڭ بەش يۈز قۇانپۇغا

7. توختاتتۇق. بۇ قۇانپۇنى ھۆججەتنى يازغان كۈنى

8. مەن ياسمىل ساق بەردىم؛ مەن شابىمۇ بىرى كەم

9. ئەمەس ساق ساناپ ئالدىم. بۇ يەرنىڭ پاسىلى شەرق

10. تەرەپتىن باسمىلنىڭ يېرى، جەنۇب تەرەپتىن تەگرىم

11. ئىبادەتخانىسىغا قاراشلىق يەر، غەرب تەرەپتىن تايپۇكىز ئۆستىگى،

12. شىمال تەرەپتىن چوڭ يول بىلەن ئايرىلىدۇ.. بۇ تۆت پاسىل

13. ئىچىدىكى يەر مىڭ يىل، تۈمەن كۈنگە قەدەر

14. باسمىلنىڭ ئىختىيارىدا بولسۇن. خالىسا، ئۆزى تۇتسۇن؛ خالىمسا،

15. باشقا كىشىگە ئۆتكۈزۈپ ساتسۇن. مەن شابىنىڭ

16. ئوغلۇم، قىزىم، ئاكام، ئىنىم، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىم، جىيەنىم،

17. تاغام سورىمىسۇن، تەلەپ قىلمىسۇن. سورىسا-تەلەپ قىلسا،

18. سۆزلىرى ئاقمىسۇن. ئەگەر ھوقۇقدار بەگ ئەمەلدارلارنىڭ كۈچ-

19. سىگە تابىنىپ (بەرنى) قايتۇرۇپ سېتىۋالاي دېسە، مۇشۇ ئۈستەڭ

20. بىلەن سۇغىرىلىدىغان ئىككى پارچە يەر تەييارلاپ بېرىپ (ئاندىن) قايتۇرۇپ

21. سېتىۋالسۇن. قايتۇرۇپ سېتىۋالغۇچى كىشى زىيان تارتسۇن، باسمىل زىيان تارتمى-

22. سۇن. گۇۋاھچى ياپىغ تۇتۇق، گۇۋاھچى تولۇ بەگ تۇتۇق،

23. گۇۋاھچى ساتىغ يىمەك. گۇۋاھچى سوگۈز تويىن. مەن بەگ

24. توغرىل يازدىم. بۇ تامغا مەن شاھىنىڭدۇر.

25B. شاھىدىن ئالغان (يەرنىڭ) خېتى

# 5 (1 - 5)

1 küskü yïl üqünq ay altï yangïḳa manga oṣmïx toğ<r>ïl-

2 ḳa yunglaḳ-lïḳ kümüx kr(gə)k bolup øz borluḳ-um-nï

3 basa toğ<r>ïl-ḳa toğuru tomlïḍu saḍtïm satïğ kümüx-in

4 ïnqa søzləxdimz bir yastuḳ bix sïtïr kümüx-kə

5 kəsixdimz bu bir yastuḳ bix sïtïr kümüx-üg bitig

6 ḳïlmïx kün üzə {p} mən basa toğ<r>ïl tügəl birtim mən

7 oṣmïx toğ<r>ïl ymə tügəl tarḍïp altïm bu borluḳ-nung

8 sïqïsï øngdün yïngaḳ basa toğ<r>-ïl-nïng borluḳ adïrar

9 kündün yïngaḳ uluğ yol adïrar tağ-tïn yïngaḳ bulat

10 buḳa-nïng øgən adïrar kidin yïngaḳ ḳutaruḳ-nung

11 wrhr-lïḳ borluḳ adïrar bu tɵrt sïqï-lïğ borluḳ üzə

12 ming yïl tümən kün-kə ḍəgi basa toğ<r>ïl ərklig bolzun

13 taplasar ɵzi tuḍzun taplamasar adïn kixi-kə ɵḍkürü

14 saḍzun mən oşmïx toğ<r>ïl-nïng inim iqim tuğmïx-ïm

15 ḳadax-ïm kim ymə qam qarïm ḳïlmazun-lar apam

16 qam qarïm ḳïlğalï saḳïnsar-lar bu borluḳ tənginqə iki

17 borluḳ basa toğ<r>ïl-ḳa yaraḍu birip yulup alzun-lar tanuḳ burhan

18 ḳulï tnuḳ yrp toğ<r>ïl tanuḳ waptso bu tamğa mən oşmïx-

19 nïng <o>l mən əsən tutung ayïḍïp bitidim

---

ئىزاھلار:

4. yastuḳ (ياستۇق): بۇ تۈركچە شەكىلدىكى نەق چوڭ پۇل بىرلىكى بولۇپ، ۋەسىقىلەردە "ئالتۇن ياستۇق"، "... كۈمۈش ياستۇق"، "... ياستۇق چاۋ" شەكىلدە ئۇچرايدۇ. بىر ياستۇق 50 سەرگە تەڭ.

4. sïtïr (سىتىر): بۇ ئېغىرلىق ئۆلچەم بىرلىكى ئاتالغۇسى سوغدىچىدىن قەدىمكى ئۇيغۇرچىغا كىرگەن بولۇپ، سوغدىچە styr بولسا، گىرېكچە stater دىن كەلگەن. sïtïrنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەردە satïr، stïr دېگەن شەكىللىرىمۇ ئۇچرايدۇ. 1 سىتىر(sïtïr) 10 باقىر (مىسقال)غا تەڭ.

11. wrhr-lïḳ: ۋەسىقە (4-1) 4 نىڭ ئىزاھاتىدىكى 11- ئىزاھقا قاراڭ. -lïḳ قەدىمكى ئۇيغۇرچىدىكى سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە.

11. sïqï: ۋەسىقە (1-1) 1 نىڭ ئىزاھاتىدىكى 7- گە قاراڭ.

18. waptso: كىشى ئىسمى بولۇپ، خەنزۇچە 法[illegible] نىڭ ئاھاڭ

تەرجىمىسى بولسا كېرەك.

يەشمىسى:

1. چاشقان يىلى ئۈچىنچى ئاينىڭ ئالتىنچى كۈنى، مەن ئۆزمىش توغرىل-

2. ىغا ئىشلىتىش ئۈچۈن كۈمۈش كېرەك بولۇپ، ئۈزۈملۈكۈمنى

3. باسا توغرىلغا مۇۋاپىق-لايىقىدا ساتتىم. ئۈزۈملۈكنىڭ باھاسىنى

4. مۇنداق پۈتتۈشتۇق: (يەنى) بىر ياستۇق بەش سەر كۈمۈشكە

5. توختاتتۇق. بۇ بىر ياستۇق بەش سەر كۈمۈشنى ھۆججەت

6. يېزىلغان كۈنى مەن باسا توغرىل ساق بەردىم، مەن

7. ئۆزمىش توغرىلمۇ ساق تاپشۇرۇپ ئالدىم. بۇ ئۈزۈملۈكنىڭ

8. پاسىلىنى شەرق تەرەپتىن باسا توغرىلنىڭ ئۈزۈملۈكى ئايرىيدۇ،

9. جەنۇب تەرەپتىن چوڭ يول ئايرىيدۇ، شىمال تەرەپتىن بۇلات

10. بۇقانىڭ ئۆستەڭى ئايرىيدۇ، غەرب تەرەپتىن قۇتارۇقنىڭ

11. ئىبادەتخانىسىغا قاراشلىق ئۈزۈملۈك ئايرىيدۇ. بۇ تۆت پاسىللىق ئۈزۈملۈك

12. مىڭ يىل، تۈمەن كۈنگە قەدەر باسا توغرىلنىڭ ئىختىيارىدا بولسۇن.

13. خالىسا، ئۆزى تۇتسۇن، خالىمىسا، باشقا كىشىگە ئۆتكۈزۈپ

14. ساتسۇن. مەن ئۆزمىش توغرىلنىڭ ئىنىم، ئاكام، تۇغقىنىم،

15. قېرىنداشىم، مەيلى كىم بولسۇن، دەتالاش قىلمىسۇن. ئەگەر

16. دەتالاش قىلماقچى بولسا، بۇ ئۈزۈملۈكتەك ئىككى

17. ئۈزۈملۈكنى باسا توغرىلغا تەييارلاپ بېرىپ، (ئاندىن) قايتۇرۇپ سېتىۋالسۇن. گۇۋاھچى بۇرخان

18. قۇلى، گۇۋاھچى يارپ توغرىل، گۇۋاھچى ۋاپتسو. بۇ تامغا

مەن ئوزمىش-

19. سىڭدۇر. مەن ئەسەن تۇتۇڭ سوراپ يازدىم.

# 6 (1 - 6)

1 tawïxğan yïl bir ygrminq ay //////(.)//(..)/// manga

2 (o)zmïx-ķa tügəl-kə biz i(kəgü-kə) yunglaķ-lïķ bɵz kər(lgək)

3 (bo)lup taykü ɵgən-dəki alaqu ///// k//// (....)YLY 'W/(.)// y(irimz-ni)

4 alaqusï birlə basa toğrïl-(ķa toğur)u tomlïḍu satṭïmz (satïğ)

5 bɵz-üg ïnqa sɵ zləxdimz lükqüng kidin-intə yorïr xuu-

6 luğ tamğa-lïğ üq ot(uz ikil)ik bɵzingə kəẓixdimz bu

7 üq otuz bɵz-üg bitig ķïlmïx kün üzə mən basa

8 toğrïl tügəl birdim biz (ozmïx) tügəl birlə bir əksüksüz tügə(l)

9 (altï)mz bu (kü)n-tə ïn(aru) (bu yir) üzə ming tümən yïl-ķa ḍəgi

10 basa toğrïl ərklig bolzun taplasar ɵzi tutzun taplama-

11 sar adïn kixi-kə ɵt(kürü) satzun biz ikigü-nüng

12 iqimz inimz ķamz ķadax-ïmz adïn ymə kim ķayu kixi qam

13 qarïm ķïlmazun ayïḍmazun (iẓ)ḍəməzün-lər ayïdğlï işləgli

14 θsər-lər (saw-larï yorïmazun) taķï birθk ərklig bəg

15 ixi küqin tutup alayïn yulayïn tisər-lər bu oķ

16 θgəntə bu yir təngi<n>qə iki yir yaradu birip yulup alzun

17 yultaqï kixi ķorluğ bolzun (b)asa toğrïl ķorsuz bolzun bu yir-

18 ning sïqïsï θngdün yïngaķ burhan ķulï-nïng θrdgün

19 kündin yïngaķ uluğ yol kidin yïngaķ tangut-nung yir

20 tağ-tïn yïngaķ buyanquķ-nung θrdgün adïrar bu yir-ning

21 nəgü ymə irti birti yoķ tanuķ suwan tutuķ tanuķ

22 küq bağ-lïğ tanuķ burhan ķulï tanuķ wažïr tonga bu tamğa

23 biz oșmïx-nïng tügəl-ning ikigü-nüng ol mən qikuy tung ayïdïp biti(di)m

---

ئىزاھلار:

2. (o)zmïx (ئوزمىش): بۇ مەزكۇر ۋەسىقىدىكى يەر ساتقۇچى ئىككى كىشىدىن بىرىنىڭ ئىسمى بولۇپ، بۇ كىشى ئىسمىنىڭ بىرىنچى ھەرپى o مەزكۇر كىشىنىڭ مۇشۇ ۋەسىقىنىڭ 23- قۇرىدا ئۇچرايدىغان تولۇق ئىسمىغا ئاساسەن ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ ترانسكرىپسىيە قىلىنغان.

2. bθz (بۆز): بۇ ۋەسىقىدىكى بۆز ئادەتتىكى بۆزنى ئەمەس، بەلكى ھۆكۈمەت تامغىسى بېسىلغان، ئۈستىگە ئىمزا قويۇلغان ۋە بازاردا پۇل ئورنىدا ئىشلىتىلىدىغان بۆزنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل پۇل ئورنىدا ئىشلىتىلىدىغان بۆز، قۇانپۇ (ياكى قانپۇ، قۇنپۇ) دەپمۇ ئاتالسا كېرەك.

3. taykü (تايكۇ) بۇ خەنزۇچىدىن كىرگەن سۆز بولۇپ، 大[illegible] دىن

كەلگەن بولسا كېرەك.

3. y(irimz-ni) (يىرىمىزنى): مەزكۇر ۋەسىقىنىڭ 16-، 17-قۇرلىرىدىكى yir سۆزىگە ئاساسەن ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ ترانسكرىپسىيە قىلىندى.

4. (satïğ) (سېتىق، باھا): مەزكۇر ۋەسىقىنىڭ مۇشۇ سۆز يېزىلغان يېرى يىرتىلىپ كەمتۈك بولۇپ قالغان. بىز بۇ سۆزنى مۇشۇ تۈردىكى ۋەسىقىلەرنىڭ يېزىلىش شەكلىگە ئاساسەن ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ترانسكرىپسىيە قىلدۇق.

5، 6. xuu-luğ: بۇ سۆزدىكى xuu (~xu) خەنزۇچە 畫 نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇپ، "ئىمزا" دېگەن مەنىدە. ئۇنىڭغا ئىسىمدىن سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچە -luğ قوشۇلۇپ "ئىمزالىق" ياكى "ئىمزا قويۇلغان" دېگەن سۆز ياسالغان.

8. (ozmïx) (ئوزمىش): بۇ كىشى ئىسمى مۇشۇ ۋەسىقىنىڭ 23-قۇردىكى ئىسمىغا ئاساسەن ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ ترانسكرىپسىيە قىلىندى.

9. (bu yir) (بۇ يەر): بۇ ئىككى سۆز مۇشۇ خىلدىكى ۋەسىقىلەرنىڭ يېزىلىش شەكلىگە ئاساسەن، ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ ترانسكرىپسىيە قىلىندى.

14. (saw-lari yorïmazun) (سۆزلىرى ئاقمىسۇن): ئەسلى ۋەسىقىنىڭ بۇ سۆزلەر يېزىلغان جايى يىرتىلىپ كەمتۈك بولۇپ قالغان. بۇ سۆزلەر ۋەسىقە (1-7) 7 نىڭ 13- قۇردىكى سۆزلەردىن پايدىلىنىپ، ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ ترانسكرىپسىيە قىلىندى.

19. tangut (تاڭگۇت): ئەسلىدە ئېلىمىزنىڭ غەرب شىمالىي رايونىدىكى قەدىمكى مىللەت نامى بولۇپ، بۇ ۋەسىقىدە كىشى ئىسمى بولۇپ كەلگەن.

21. suwan (سۇۋان): مەزكۇر ۋەسىقىنىڭ پوچېركىسىدىن قارىغاندا، بۇ كىشى ئىسمىنى soyan دەپ ترانسكرىپسىيە قىلىشقىمۇ بولىدۇ.

22. wažïr (ۋاژىر): مەزكۇر ۋەسىقىنىڭ 3"UW" تىكى فوتو سۈرىتىدىن قارىغاندا، ئۇ wazïr دەپ يېزىلغان. wazïr سانسكرىتچە vajra

(ئالماس) دىن كەلگەن. 2"UW" دە "wažïr" دەپ ترانسكرىپسىيە قىلىنغىنىغا قارىغاندا، بۇ سۆز تەركىبىدىكى ž (ئۆز زامانىسىدا z ھەرپىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئىككى چېكىت قويۇش ئارقىلىق ž ‹ژ› ھەرپى شەكىللەندۈرۈلگەن)نىڭ ئىككى چېكىتى ئۆچكەن بولۇپ، ئەسلى ۋەسىقىدىن ئۇ چېكىتلەرنىڭ ئىزنى پەرق ئىلغىلى بولسا كېرەك.

23. qikuy tung (چىكۇي تۇڭ): بۇ كىشى ئىسمى خەنزۇچىدىن كەلگەن بولۇپ، ۋەسىقە (1-7) 7 نىڭ -24B قۇرىدىمۇ ۋەسىقە پۈتكۈچى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنغان.

23. biti(di)m (يازدىم): بۇ سۆز ئەسلى تېكىستتە bitim دەپ يېزىلغان، يەنى "-di-" دىن ئىبارەت ئىككى ھەرپ چۈشۈپ قالغان.

يەشمىسى:

1. توشقان يىلى ئون بىرىنچى ئاينىڭ... (كۈنى) بىز
2. ئوزمىش (ۋە) تۆكەل ئىككىيلەنگە ئىشلىتىش ئۈچۈن بۆز كېرەك
3. بولۇپ، تايكۇ ئۆستەڭ (بويى)دىكى ئالچۇق ... (يەرنى)
4. ئالچۇقى بىلەن قوشۇپ باسا توغرىلغا مۇۋاپىق-لايىقىدا ساتتۇق.
5. (باھاسىنى)- بۆزنى مۇنداق پۈتۈشتۇق: (يەنى) لۈكچۈننىڭ بازىرىدا ئۆتىدىغان، ئىمزالىق (ۋە)
6. تامغىلىق يىگىرمە ئۈچ توپ بۆزگە توختاتتۇق. بۇ
7. يىگىرمە ئۈچ (توپ؟) بۆزنى ھۆججەت تۈزۈلگەن كۈنى مەن باسا
8. توغرىل ساق بەردىم؛ بىز (ئوزمىش ۋە) تۆكەل بىرلىكتە بىرى كەم ئەمەس، تولۇق
9. ئالدۇق. بۈگۈندىن ئېتىبارەن، (بۇ يەر) مىڭ تۈمەن يىلغا قەدەر
10. باسا توغرىلنىڭ ئىختىيارىدا بولسۇن. خالىسا، ئۆزى ئىگىدارچىلىق قىلسۇن؛ خالىمى-

11. ـسا باشقا كشگە ئۆتكۈزۈپ ساتسۇن. بز ئككيلەننڭ

12. ئاكمز، ئنمز، ئۇرۇق-تۇغقانلرمز (ۋە) باشقا هەر قانداق كشى

13. دەتالاش قلمسۇن. (يەرنى) سورمسۇن-تەلەپ قلمسۇن. سورماقچى، تەلەپ قلماقچى

14. بولسا، (سۆزلرى ئاقمسۇن.) ئەگەر هوقۇقدار بەگ

15. ئەمەلدارلارنڭ كۈچگە تاينپ، (يەرنى) قايتۇرۇپ سېتۋالاي دېسە، بۇ

16. ئۈستەڭ (بوي)دا بۇ يەردەك ئككى (پارچە) يەر تەييارلاپ بېرپ (ئاندن) قايتۇرۇپ سېتۋالسۇن.

17. (يەرنى) قايتۇرۇپ سېتۋالغۇچى كشى زيان تارتسۇن، باسا توغرىل زيان تارتمسۇن. بۇ يەر-

18. نڭ پاسلنى شەرق تەرەپتن بۇرخان قۇلنڭ خامنى،

19. جەنۇب تەرەپتن چوڭ يول، غەرب تەرەپتن تاكۇتنڭ يېرى،

20. شمال تەرەپتن بۇيانچۇقنڭ خامنى ئايرېدۇ. بۇ يەرنڭ

21. هېچقانداق باج-سېلقى يوق. گۇۋاهچى سۇۋان تۇتۇق، گۇۋاهچى

22. كۈچ باغلغ، گۇۋاهچى بۇرخان قۇلى، گۇۋاهچى ۋاژر توگا. بۇ تامغا

23. بز نوزمش (ۋە) تۇكەل ئككيلەننڭدۇر. مەن چكۈي تۇڭ سوراپ يازدم.

## 7 (1 – 7)

1 ud yïl bir ygrminq ay ygrmikə bizingə oşmïx toğrïl-

2 ḳa tügəl-kə yunglaḳ-lïḳ bөz kərgək bolup qükü-təki yir-

3 imz-ni əniqük iqi-kə toğuru tomlïtu saḍtïmz satïğ

4 (b)өzin (ïnqa sөzləx)timz lükqüng kidini yorïr xuu-

5 luğ tmğalïğ yüz yitmix ikilik yoğan bөz-kə kəsix-

6 timz bu yüz yitmix bөz-üg bitig ḳïlmïx kün üzə

7 mən əniqük tügəl birtim biz oşmïx tügəl birlə bir

8 əksük-süz tügəl aldïmz buküntə ïnaru bu yir üzə ming

9 tümən yïl-ḳa ḍəgi əniqük (iqi) ərklig bolzun taplasar

10 өzi tutzun taplamasar a(dï)n kixi-kə өtkürü saḍzun

11 biz ikəgü-nüng iqimz inimz ḳamz ḳadax-ïmz aṭïn ymə kim

12 ḳayu kixi qam qarïm ḳïlmazun ayïtmazun iẓtəmzün-lər

13 ayïtğlï iẓḍgli өsər-lər sawlarï yorïmazun taḳï bir өk

14 ərklig bəg ixi küqin tutup alayïn(?) yulayïn tisər-lər bu

15 oḳ өgən-tə bu yir tnginqə iki yir yaratu birip

16 yulup alzun yuldaqï kixi ḳorluğ bolzun əniqük iqi ḳor-

17 suz bolzun bu yir-ning sïqïsï өngdün yïngaḳ b(ə)ki baqaḳ

18 olar-nïng өgən küntün yïngaḳ (oḳ) turmïx tutung-nung

19 yir kidin yïngaḳ yol tağ-dïn yïngaḳ bəki-ning baqaḳ-

20 nïng yir aṭïrar bəki-ning baqaḳ-nïng ḳanglï yolï

bu yir-

21 ning aṭaḳ aḍïzï-nïng iqintə ol bu yir-ning nəgü ymə irt-

22B i birti yoḳ tanuḳ tarlïḳ tutung tanuḳ

23B tüzük tanuḳ təmirqi ilqük bu tamğa biz oṣmïx-nïng tügəl-ning

24B ikigü-nüng ol mən qiküy tung ayïḍïp bitidim

25B qükü-təki yir-ning bitigi ol

---

ئىزاھلار:

2. qükü (چۈكۈ): بىر ئۆستەڭنىڭ نامىنى بىلدۈرىدىغان بۇ سۆز، "UW"2 دە "چۇكۇ" (qukü) دەپ ترانسكرىپسىيە قىلىنغان. بىز قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىپ كېلىش قائىدىسىگە ئاساسەن، qükü دەپ ترانسكرىپسىيە قىلىشنى مۇۋاپىق تاپتۇق. بۇ سۆز مەزكۇر ھۆججەتنىڭ 25- قۇرىدىمۇ ئۇچرايدۇ. بۇ سۆز ئەسلىدە خەنزۇچىدىن كىرگەن ئاتالغۇ بولۇپ qü نىڭ خەنزۇچە قايسى سۆزدىن كەلگەنلىكى ھازىرچە ئېنىق ئەمەس، kü بولسا [illegible] نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى دەپ قارالماقتا. ئەمما ھازىرقى خەنزۇ تىلى فۇتۇڭخۇاسىنىڭ تەلەپپۇزىنى ئۆلچەم قىلغاندا، qükü سۆزى بولسا [illegible]□ نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇشى كېرەك. ھازىر خوتەن دىيالېكتىنىڭ جانلىق تىلىدا چۈكۈ دېگەن سۆز "سۇ ئېغىزى، ئازما، ئېرىق بېشى" دېگەن مەنىدە قوللىنىلىدۇ.

4. (-ïnqa sθzləx) (مۇنداق سۆزلەشمەك): بۇ سۆزلەر مۇشۇ خىلدىكى ۋەسىقىلەرنىڭ بېزىلىش شەكلى ۋە سۆز ئىشلىتىلىش ئەھۋالىغا ئاساسەن ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ ترانسكرىپسىيە قىلىندى.

4. xuu (ئىمزا، تامغا): ۋەسىقە (6-1) 6 نىڭ ئىزاھاتىغا قاراڭ.

5. yoğan (قېلىن، يىرىك، توم): بۇ سۆز "UW"2 دە yoriḳ ("ئېقىش، ئۆتۈش" ياكى "ئاقىدىغان، ئۆتىدىغان" مەنىسىدە) دەپ

ترانسكرىپسىيە قىلىنغان. بىز بۇ ۋەسىقىنىڭ 3"UW" تىكى فوتو سۈرىتىدىن، بۇ سۆزنى yoğan (=yoğun "قېلىن، يىرىك، توم" دېگەن مەنىدە) دەپ ترانسكرىپسىيە قىلىشقىمۇ بولىدىكەن دېگەن پىكىرگە كەلدۇق. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىرىنچىدىن، yorïk سۆزى ئۆزىنىڭ كەلگەن ئورنىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ئارتۇقچە سۆز ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، بۇ سۆز مۇشۇ تۈردىكى ۋەسىقىلەرنىڭ مۇشۇنداق ئورنىدا قايتا كۆرۈلمەيدۇ. ئىككىنچىدىن، 50 (4-4) نومۇرلۇق ۋەسىقىنىڭ 4- قۇرىدا "yoğun bəz" (قېلىن بۆز) دېگەن سۆز ئۇچرايدۇ.

9. iqi (ئىچى): بۇ سۆز مۇشۇ ۋەسىقىنىڭ 3- قۇرىدىكى əniqük iqi دېگەن ئىسمغا ئاساسەن ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ ترانسكرىپسىيە قىلىندى.

14. (?) (a)layïn (ئالاي): مەزكۇر ۋەسىقىنىڭ فوتو سۈرىتىدىن قارىغاندا، بۇ سۆزنىڭ بىرىنچى ھەرپى a يېزىلغان ئورۇن يىرتىلىپ تۆشۈكچە ھاسىل بولۇپ قالغان. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ سۆزنىڭ يېزىلىشىغا ئاساسەن ئۇنى (a)lïng دەپ ترانسكرىپسىيە قىلىشقىمۇ بولىدۇ (بۇ قەلەم خاتاسى بولۇشى كېرەك). بىراق، مۇشۇ تۈردىكى ۋەسىقىلەردە "alayïn yulayïn" (ئېلىۋالاي، قايتۇرۇپ سېتىۋالاي) دېگەن قوش سۆز كۆپ ئۇچرىغاچقا، يۇقىرىدىكىدەك ترانسكرىپسىيە بويىچە ئېلىش مۇۋاپىق كۆرۈلدى.

17. b(ə)ki (بەكى): بۇ كىشى ئىسمى ئەسلىدە bki دەپ يېزىلغان، بىز ئۇنىڭ مۇشۇ ۋەسىقىنىڭ 19- ۋە 20- قۇرلىرىدىكى baki دېگەن شەكلىگە ئاساسەن شۇنداق ترانسكرىپسىيە قىلدۇق.

22B. tarlïk tutung (تارلىق تۇتۇڭ): بۇ كىشى ئىسمىدىكى tutung خەنزۇچە 都统 دىن كەلگەن. 都统 ئەسلىدە ھەربىي ئەمەل نامى بولۇپ، ئالدىنقى چىن بەگلىكى دەۋرى (مىلادى 394-351- يىللار) دىن تارتىپ كۆرۈلۈشكە باشلىغان. ئالدىنقى چىن بېگى فۇ جيەن شەرقىي جىنغا ھۇجۇم قىلغاندا، 20 ياشتىن تۆۋەن ياشلاردىن ئۈچ تۈمەن كىشىلىك ئاتلىق قوشۇن تەشكىللەپ، ياشلار تۇتۇڭىدىن بىرنى قويۇپ، ئۇ قوشۇنغا رەھبەرلىك قىلغان.

تاڭ سۇلالىسى ۋە لىياۋ، جىن سۇلالىرىمۇ بۇ خىل ئەمەلنى تەسىس قىلغان.[1]

يەشمىسى:

1. كالا يىلى ئون بىرىنچى ئاينىڭ يىگىرمە(ىنچى كۈن)ى، بىزگە (يەنى) ئورمىش توغرىل

2. (ۋە) تۇكەل (ئىككىمىز)گە ئىشلىتىش ئۈچۈن بۆز كېرەك بولۇپ، چۇكۇ (ئۈستىكى يىپىدىكى) يىپى-

3. ئىمىزنى ئەنىچۈك ئاكىغا مۇۋاپىق-لايىقىدا ساتتۇق. باھاسى

4. بۆزنى (مۇنداق پۈتۈش)تۇق: (يەنى) لۈكچۈنىنىڭ بازىرىدا

ئۆتىدىغان، ئىمزالىق (ۋە)

5. تامغىلىق يۈز يەتمىش توپ قىلىن بۆزگە

6. توختاتتۇق. بۇ يۈز يەتمىش (توپ) بۆزنى ھۆججەت يېزىلغان

كۈنى

7. مەن ئەنىچۈك ساق بەردىم، بىز ئورمىش (ۋە) تۇكەل بىرى

8. كەم ئەمەس ساق ئالدۇق. بۇگۈندىن باشلاپ بۇ يەر مىڭ،

9. تۈمەن يىلغا قەدەر ئەنىچۈك ئاكىنىڭ ئىختىيارىدا بولسۇن.

خالىسا،

10. ئۆزى تۇتسۇن؛ خالىسا، باشقا كىشىگە ئۆتكۈزۈپ ساتسۇن.

11. بىز ئىككىيلەننىڭ ئاكىمىز، ئىنىمىز، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىمىز، يەنە

باشقا ھەر

12. قانداق كىشى دەتالاش قىلمىسۇن. (يەرنى) سورىمىسۇن، تەلەپ

---

[1] دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان S. 6551 نومۇرلۇق خەنزۇچە بۇددا دىنى ھۆججىتىگە ئاساسلانغاندا، 都统 يەنە 都僧统 (بىر رايون ياكى بۇددا دىنى گۇرۇھىنىڭ كاتتىۋېشىنى كۆرسىتىدۇ)نىڭ قىسقارتىپ يېزىلىشىمۇ ھېسابلىنىدۇ.

قىلمىسۇن،

13. (سورىسا،) تەلەپ قىلسا، سۆزلىرى ئاقمىسۇن. ئەگەر

14. ھوقۇقدار بەگ ئەمەلدار(لارنىڭ) كىچىككە تايىنىپ (يەرنى)

قايتۇرۇپ سېتىۋالاي دېسە،

15. مۇشۇ ئۈستەڭ (بويى)دىن بۇ يەردەك ئىككى (پارچە) يەر

تەييارلاپ بېرىپ

16. (ئاندىن) قايتۇرۇپ سېتىۋالسۇن. (يەرنى) قايتۇرۇپ

سېتىۋالغۇچى كىشى زىيان تارتسۇن، ئەنچۇق ئاكا زىيان

17. تارتمىسۇن. بۇ يەرنىڭ پاسىلى شەرق تەرەپتىن بەكى، باچاق-

18. لارنىڭ ئۈستەڭى، جەنۇب تەرەپتىن تۇرمۇش تۇتۇڭنىڭ

19. يېرى، غەرب تەرەپتىن يول، شىمال تەرەپتىن بەكى (ۋە)

باچاق-

20. لىنىڭ يەرلىرى ئايرىيدۇ. بەكى (ۋە) باچاقلارنىڭ ھارۋا يولى

بۇ يەر-

21. نىڭ ئايىغىدىكى ئېتىزنىڭ ئىچىدىدۇر. بۇ يەرنىڭ ھېچقانداق

22B. باج-سېلىقى يوق. گۇۋاھچى تارلىق تۇتۇڭ، گۇۋاھچى

23B. تۇزۇك، گۇۋاھچى تۆمۈرچى ئىلچۇق. بۇ تامغا بىز ئىككىمىز

(ۋە) تۈگەل

24B. ئىككىلەننىڭدۇر. مەن چىكۈي تۇڭ سوراپ يازدىم.

25B. (بۇ) چىكۈ (ئۈستىگى بېغىدىكى) يەرنىڭ خېتىدۇر.

# 8 (1 – 8)

1 yunt yïl tə rtünq ay səkiz y(an)gïḳa (?)

2 bizing-gə mausï ədgü bəg oğul-ḳa

3 biz ikəgü-kə yunglak-lïk kümüx krgək
4 bolup ɵgüz iqintəki aqğu ɵləng-
5 ni toyïnquğ-ka tokuz ətür kümüx-kə
6 sibilkasar üskin-tə toğru tomluḍu satdïm
7 bu yir-ning sïqïsï ɵngdün yïngak sïqïsï
8 ɵgən adïrar küntün yïngak sïqïsï
9 toyïnquğ-nïng aqmïx yir adïrar kidin
10 yïngak sïqïsï ɵgən aṭïrar tağ-tïn
11 yïngak sïqïsï say aṭïrar bu tɵrt
12 sïqï iqintəki yir-kə ming yïl tümən
13 kün-kə təgi toyïnquğ ərklig bolzun
14 taplasar ɵzi tutzun taplamasar
15 aṭïn kixi-kə ɵtkürü-ü saṭsun biz
16 ikəgü-ning inimiz iqimiz kamïz kadax-
17 ïmïz qamlamazun kim{qə} ərklig bəg
18 ixi küqün tuḍup qamlasar bu ok
19 yir tənglig iki yir birip alşun-
20 lar yulşun-lar yulğuqï korluğ bolzun
21 toyïnquğ korsuz bolzun tanuk kürək
22 tanuk taḍar tanuk (n)iqən(?) bu tamğa biz
23 ikəgü-ning ol mən taxïk tung

---

ئىزاھلار:

1. y(an)gïḳa (?): (1) مەزكۇر ۋەسىقىنىڭ مۇشۇ سۆزىنىڭ 2- ۋە 3- ھەرپلىرى يېزىلغان جايى تېشىلىپ تۆشۈك بولۇپ قالغان؛ (2) بۇ سۆز تەركىبىدىكى g تاۋۇشى 2"UW" دە m دەپ ترانسكرىپسىيە قىلىنغان، ئەمەلىيەتتىمۇ k (ياكى g)گە ئوخشاش يېزىلىپ قالغان؛ (3) بۇ سۆز ئاخىرىدىكى a (ياكى ə) تەكرار يېزىلغان، يەنى بىر a نىڭ قۇيرۇقى كەينى تەرەپكە قايرىپ يېزىلغان، ئاندىن قۇيرۇقى ئالدىغا قايرىلغان يەنە بىر a ھەرپى يېزىلغان. ئىملادا ə ھەرپى k نىڭ قۇيرۇقىغا ئۇلىنىپ كېلىشى كېرەك ئىدى. بىراق، قۇيرۇقى ئالدىغا قايرىپ يېزىلغان ə ھەرپى k نىڭ بېشىغا ئۇلاپ ۋە k نىڭ ئوتتۇرىسىدىن يۇقىرىدىن- تۆۋەنگە كېسىپ يېزىلغان. بۇنىڭ بىلەن k ھەرپى ḳغا ئوخشاپراق قالغان. شۇڭا، بۇ سۆزنىڭ ئاخىرىدىكى قۇيرۇقى كەينىگە قايرىپ يېزىلغان ə گە ئاساسلانغاندا، بۇ سۆزنى 2"UW" دىكىدەك y(gr)mikə (?) دەپ ترانسكرىپسىيە قىلىش مۇمكىن. بىراق، 2"UW" دە m ترانسكرىپسىيە قىلىنغان ھەرپنىڭ ئەمەلىيەتتە k (ياكى g) دەك يېزىلغانلىقىغا ۋە بۇ سۆزنىڭ ئاخىرىدىكى قۇيرۇقى ئالدىغا قايرىلغان ھەمدە k نى يۇقىرىدىن تۆۋەنگە ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ḳ غا ئوخشىتىپ قويغان، شۇنداقلا تولۇق يېزىلغان a غا ئاساسەن، بىز بۇ سۆزنى y(an)gïḳa (?) دەپ ترانسكرىپسىيە قىلىشنى مۇۋاپىق تاپتۇق.

2. mausï ədgü: بۇ كىشى ئىسمىدىكى mausï قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا كۆرۈلمەيدىغان بىر سۆز بولۇپ، چەت تىلىدىن (ئېھتىمال خەنزۇ تىلىدىن) قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا كىرگەن سۆز بولۇشى مۇمكىن.

3. yunglaḳ-lïḳ: ۋەسىقە (1-1) 1 دىكى ئىزاھقا قارالسۇن.

5. toyïnquğ: بۇ كىشى ئىسمىنى toyïnqoğ دەپ ترانسكرىپسىيە

قىلىشقىمىز بولىدۇ. ئۇ toyïn (ۋەسىقە (1-4) 4 دىكى 23- ئىزاھقا قاراڭ) بىلەن quğ سۆزىنىڭ بىرىكىشىدىن ياسالغان. quğ (ياكى qoğ) نى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى بويىچە شەرھلەپ بەرگىلى بولسىمۇ، بىراق، بۇ كىشى ئىسمىدە quğ نىڭ چەتتىن كىرگەن سۆز بولۇش ئېھتىمالىنى بوفقا چىقىرىۋەتكىلى بولمايدۇ.

7. sïqïsï: ۋەسىقە (1-1) 1 دىكى ئىزاھقا قاراڭ.

17. kim {qə}: ئەسلى ۋەسىقىدە kim سۆزىدىن كېيىن qə سۆزى ئارتۇقچە يېزىلىپ قالغان ۋە چالا ئۆچۈرۈلگەن.

22. (n)iqən: بۇ كىشى ئىسمىنىڭ بىرىنچى ھەرپىنىڭ ئورنى ئېتىلىپ ئۆچۈك بولۇپ قالغان.

يەشمىسى:

1. ئات يىلى ئونىنچى ئاينىڭ سەككىزىنچى كۈنى(؟)،
2. بىزگە ماۋسى ئەدگۇ (ۋە) بەگ ئوغۇل
3. ئىككىبىلەنگە ئىشلىتىش ئۈچۈن كۈمۈش كېرەك
4. بولۇپ، دەريا (قىنى) ئىچىدىكى ئاچىدىغان ئوتلاق-
5. نى تويىنچۇغقا توققۇز سەر كۈمۈشكە
6. سىبىلقاسارنىڭ ئالدىدا مۇۋاپىق-لايىقىدا ساتتۇق.
7. بۇ يەرنىڭ شەرق تەرەپتىكى پاسىلىنى
8. ئۈستەڭ ئايرىيدۇ، جەنۇب تەرەپتىكى پاسىلىنى
9. تويىنچۇغنىڭ ئاچقان يېرى ئايرىبدۇ، غەرب
10. تەرەپتىكى پاسىلىنى ئۈستەڭ ئايرىيدۇ، شىمال
11. تەرەپتىكى پاسىلىنى ساي ئايرىيدۇ. بۇ ئۆت

12. پاسىل ئىچىدىكى يەر مىڭ يىل تۈمەن

13. كۈنگە قەدەر تويىنچۇغىنىڭ ئىختىيارىدا بولسۇن.

14. خالىسا، ئۆزى ئۆتسۇن، خالىمىسا،

15. باشقا كىشىگە ئۆتكۈزۈپ ساتسۇن. بىز

16. ئىككىيلەنىنىڭ ئىنىمىز، ئاكىمىز، ئۇرۇق-تۇغقانلىرى-

17. مىز دەتالاش قىلمىسۇن. (ئەگەر) ھوقۇقدار بەگ

18. ئەمەلدارلارنىڭ كۈچىگە تايىنىپ، تالاشسا، دەل مۇشۇ

19. يەردەك ئىككى ( پارچە ) يەر بىرىپ (ئاندىن) قايتۇرۇپ

20. سىتىۋالسۇن، قايتۇرۇپ سىتىۋالغۇچى كىشى زىيان تارتسۇن،

21. تويىنچۇغ زىيان تارتمىسۇن. گۇۋاھچى كۈرەك،

22. گۇۋاھچى تاتار، گۇۋاھچى ئىچان. بۇ تامغا بىز-

23. ئىككىيلەنىڭدۇر. مەن تاشىق تۇڭ

24. تەپسىلى سوراپ يازدىم.

## 9 (1 - 9)

1 küskü yïl bir ygrminq ay al(tï yangï)-ķa biz tolu ķy-a

2 mïsïr uluğ inq ķy-a mïsïr baxlap (onluķ)lar-ķa on θngdün-in-

3 də bθz kərgək bol(u)p //////kə(?) (..L)////(ķlan-qïmïz(?) təg///p

4 barïp yorïr(?) ķalan-ï yüz baxïnda-ķï əski//(..)MY biz on-luķ-lar-

5 -ķa ķalmïx üqün üdəy ilqi-kə tonguz yïl biz-ning

on //(.)kəlmix

6 bəg-lig bir küp bor təgməyük üqün (.)///(.)lik-ï PYL///yüz

7 iki b(a)ğ-l(ï)ḳ bez ///(.) (....)-ḳï PY(..) birgü(?)/////////-ḳï///(.)

8 sodu egən-təki bir ´əngiz yir-in ḳuus tmür bahxï-tïn uşun ḳarï(?)

9 bilə eḍuz tas b ez iligdə alïp toğuru tomlïḍu saḍtïmïz bu yir

10 saḍïğ-ï oḍuz tas bez-ni bitig ḳïlmïx kün üzə mən ḳuus tmür

11 tügəl birtim biz tolu ḳy-a mïsïr uluğ inq ḳy-a mïsïr baxlap on-

12 -luḳ-lar ymə bir ḳodmatïn tügəl sanap altïmïz bu yir-ning sïqï-sï

13 engdün y ḳul ḳy-a ḳopuz-nïng yir künd<i>n y uluğ egən kidin y ḳuus

14 bahxï-nïng oḳ yir tağdïn y m-a egən adïrar bu tert sïqï

15 iqindəki bir´ əngiz yir-kə bitigdəki ḳuus təmür bahxï ərklig

16 bolzun tplasar ezi tuḍşun tplamasar aṭïn kixi-kə eḍkürü

17 saḍşun bu yir-kə kim kim m-ə bolup qamlamaşun-lar apam birek

18 ərklig bəg ixi küq-in tuḍup alayïn tip qamlasar-lar bu egən

19 üzə suwaḳ-lïğ bu yir tnginqə iki yir birip yulup

alşun-lar

20 yuldaqï kixi ḳorluğ bolzun bu bitig tuḍa ḳuus tmür bahxï

21 ḳorsuz bolzun tnuḳ buyạn ḳy-a tnuḳ tolu ḳy-a tnuḳ ağaq(?) bu nixan

22 tamğ-a biz ḳul ḳy-a mïsïr inq ḳy-a yən-ə mïsïr baxlap on-luḳ-

23 lar-nïng ol mən qatïr(?) bu bitigdəki atlğ-qa bix {in} kixi-lər-

24 kə üq ḳaḍa inqgə ayïḍïp bitigil timix-kə bitidim

25 bu nixan mən tnuḳ buyan ḳy-a-nïng ol

26 bu nixan mən tnuḳ tolu ḳy-a-nïng ol

27 bu nixan mən tnuḳ ağaq(?)-nïng ol

---

ئىزاھلار:

2. onluḳlar (ئونلۇقلار): ئون كىشىدىن تۈزۈلگەن گۇرۇپپىنى كۆرسىتىدۇ.

3. ḳalan (قالان): نەسلى تېكىستتە ḳalançïmïz (قالانچىمىز، قالان بېجىنى ئالغۇچىمىز) دېيىلگەن. قالان بولسا، بەر بېجىنىڭ بىر خىلى ھېسابلىنىدۇ.

6. bəglig (بەگلىك): بەگلىك سۆزى "بەگكە ياكى ھۆكۈمەتكە قاراشلىق" دېگەن مەنىدە بولۇپ، بۇ يەردە "بەگكە ياكى ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇش كېرەك بولغان" دېگەن مەنىدە كەلگەندەك قىلىدۇ.

8. uzun ḳarï (ئۇزۇن قارى): قارى ئۇزۇنلۇق ئۆلچەم بىرلىكى بولۇپ، تەخمىنەن چىغا تەڭ كېلىدۇ (2"UW" دە "چى" دېگەن مەنىدە كۆرسىتىلگەن). بۇ ۋەسىقىدە "ئۇزۇن قارى" دېيىلگەنلىكى ئۈچۈن، بەلكىم "گەز؟" دەپ ئېلىندى. بۇرۇنقى چاغلاردا، بىر گەز 71 سانتىمېتىرغا توغرا

كېلىدۇ.

13. öngdün y (شەرق تەرەپتىن ياكى ئالدى تەرەپتىن): öngdün سۆزىدىن كېيىن كەلگەن يەككە ھەرپ y بولسا، yïngak (تەرەپ) سۆزىنىڭ قىسقارتىلغان شەكلى ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىل قىسقارتىپ ئېلىش مۇشۇ ۋەسىقىنىڭ 13-، 14- قۇرلىرىدا تۆت ئورۇندا ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ۋەسىقىلەرنىڭ 1- تۈرىگە كىرىدىغان 10-، 13-، 14-، 15-، 16- ۋەسىقىلەردىمۇ ئۇچرايدۇ. بىز پەقەت بىر جايدىلا ئەسكەرتىپ ئوتتۇق، قالغان جايلاردا ئىزاھلاپ ئولتۇرمايمىز.

يەشمىسى:

1. چاشقان يىلى ئون بىرىنچى ئاينىڭ ئالتىنچى كۈنى، بىز تولۇ قيا،

2. مىسىر، ئۆلۈغ، ئىنىچ قيا، مىسىر قاتارلىق ئونلۇقلارغا (ئون كىشىگە)، ئونىمىزغا ئالدىمىزدا

3. بۆز كېرەك بولۇپ، ... قالان (باج يىغقۇچىمىز يېتىپ ...

4. بېرىپ يولغا قويۇلىۋاتقان (؟) قالانى (بېجى) يۈزبېشىدىكى قەدىمكى ... بىز

5. ئون كىشىگە قالغانلىقى ئۈچۈن، ئۆدەي ئەلچىگە چوشقا يىلى بىزنىڭ ئونىمىزغا كەلگەن (سېلىق، يەنى)

6. پەگلىك (بەگ ياكى ھۆكۈمەتكە تاپشۇرىدىغان؟) بىر كۈپ ئۆزۈم (ھارىقى) تەگمىگەنلىكى ئۈچۈن، ... يۈز

7. توپ بۆز ... تۆلەم ...

8. سودۇ ئۆستىڭىدىكى بىر ئېگىز يەرنى، قۇس تۆمۈر باخشىدىن ئۆزۈن قارى (گەز؟)

9. بىلەن (گەزلەنگەن) ئوتتۇز (قارى) يىرىك بۆزنى قولغا ئېلىپ،

مۇۋاپىق-لايىقىدا (ئۆزىنىڭغا) ساتتۇق. بۇ بەر(نىڭ)

10. ھەقىقى (ئۆچلۈن) ئوتتۇز (ئۆزۈن قارى-گەز) يىرىك بۈزنى بۇ
ھۆججەت يېزىلغان كۆزنى مەن قۇس تمۇر

11. ساق بەردىم. بىز تولۇ قىيا، مىسىر، ئۆلۈغ، ئىنىچ قىيا، مىسىر
قاتارلىق ئون

12. كىشى بىرى كەم ئەمەس ساق تاپشۇرۇپ ئالدۇق. بۇ بەرنىڭ
پاسلى

13. شەرق تەرەپتىن قۇل قىيا قوبۇزنىڭ يېرى، جەنۇب تەرەپتىن
چوڭ ئۆستەڭ، غەرب تەرەپتىن قۇس

14. باغشىنىڭ يېرى، شىمال تەرەپتىن ئۆستەڭ بىلەن ئايرىلدۇ. بۇ
ئۆت پاسل

15. ئىچىدىكى بىر ئىككىز بەر ھۆججەتتە (ئىسمى يېزىلغان) قۇس
تمۇر باغشىنىڭ ئىختىيارىدا

16. بولسۇن. خالىسا، ئۆزى تۇتسۇن؛ خالىسا، باشقا كىشىگە
ئۆتكۈزۈپ

17. ساتسۇن. بۇ بەرگە (قارىتا) مەيلى كىم بولسۇن دەتالاش
قىلمىسۇن. ئەگەر،

18. (كىمكى) ھوقۇقدار بەگ-ئەمەلدارنىڭ كۈچىگە تايىنىپ (بۇ
يەرنى) قايتۇرۇپ سېتىۋالىمەن دەپ تالاشسا، بۇ ئۆستەڭ

19. بىلەن سۇغىرىلىدىغان مۇشۇ يەردەك ئىككى (پارچە) يەر
10 (küs)kü yïl ikinti ay səkiz otuz-ḳa mən kədirə samboḳdu tutung-ḳa.

11 ///// birmix bolmïx atlğ oğulum-nïng bix otuz stïr kümüx-ni tügəl altïm tanuḳ

12 ////// mən ķarïmdu tutung kədirə-kə ayïtïp bitidim bu tmğa mən kədirə-ning ol

---

ئىزاھلار:

7، 8. əw təg yoğun ix ixlətsər mən (ئۆزىنىڭ بىرىك (ئېغىر) ئىشلىرىنى قىلدۇرسام): سۆزمۇ سۆز مەنىسى "ئۆيدەك يوغان ئىشنى قىلدۇرسام" (yoğun": "يوغان، توم، چوڭ، قېلىن، بىرىك" دېگەن مەنىلەرگە ئىگە). ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا كىنايە، مۇبالىغە قىلىپ ئىپادىلىنىدىغان "تاغدەك چوڭ ئىش" دېگەن گەپ بار، بىراق "ئۆيدەك چوڭ ئىش" دەيدىغان گەپ يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ۋەسىقىدىكى "əw təg yoğun ix"نى كىنايە دەپ ھېسابلاشقا بولمايدۇ. شۇڭا، يۇقىرىقىدەك يەشمە قىلىندى.

11. bix otuz stïr kümüx-ni (يىگىرمە بەش سەر كۈمۈش): بۇ سۆزلەر مەزكۇر ۋەسىقىنىڭ 3- قۇرىدىكى "yarïm yastuķ kümüx" (يېرىم ياستۇق كۈمۈش)نىڭ 25 سەر كېلىدىغانلىقىنى، بىر ياستۇق كۈمۈشنىڭ 50 سەر ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. "ئالتۇن ياستۇق" ياكى "كۈمۈش ياستۇق" دېگىلىكنى قۇيما ياكى توكچا ئالتۇن ياكى كۈمۈش پۇلنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ شەكلى ياستۇق (< ياتسۇق) قا ئوخشاپ قالغاچقا، شۇنداق دەپ ئاتالغان.

يەشمىسى:

1. (چاشقان يىلى، ئىككىنچى ئاينىڭ) يىگىرمە سەككىزىنچى كۈنى، مەن كەدىرەگە ئىشلىتىش ئۈچۈن

2. (كۈمۈش كېرەك بولۇپ) ئۆزۈمدىن بولغان بولمىش ئاتلىق راھىب ئوغلۇمنى يەگەن قايا...

3. ... سامبۇقىدۇ ئۇتتۇكىغا يېرىم ياستۇق كۈمۈشكە گۆرۈگە

(توتۇققا)

4. (بەردىم). بۇ گۈرۈ (گە قويۇش ھەققى بولغان) كۈمۈشنى (يەنى يىگىرمە) بەش سەر يارماق كۈمۈشنى (ئوغلۇمنى) گۈرۈگە بەرگەن كۈنى مەن كەدىرە

5. ساناپ ئالدىم. مەن سامبوقدۇ تۈتۈك تولۇق بەردىم. بۇ

6. بولمىش سامبوقدۇ تۈتۈكنىڭ ئىختىيارىدا بولسۇن. مەن سامبوقدۇ تۈتۈك باجغا

7. ... بولمىشقا تون، ئۆتۈك، ئاياغ، باش (كىيىم) بەرمەيمەن. يىنىك يىرىك (ئېغىر) ئىش

8. قىلدۇرسام، ئەلنىڭ توتۇققا (گۈرۈگە ئېلىش) قانىدىسى بويىچە بېرىدىغاننى) بېرىمەن. قالغان تۇرمۇش ئەھۋالى

9. توتۇققا (گۈرۈگە ئېلىش) قانىدىسى بويىچە بولسۇن. گۇۋاھچى ئاقبىرا، گۇۋاھچى قاتاقى. بۇ تامغا مەن كەدىردىنىڭدۇر.

10. چاشقان يىلى ئىككىنچى ئاينىڭ يىگىرمە سەككىزىنچى كۈنى، مەن كەدىرە سامبوقدۇ تۈتۈككە

11. (گۈرۈگە) بەرگەن بولمىش ئىسىملىك ئوغلۇمنىڭ (گۈرۈگە بېرىلىش ھەققى) يىگىرمە بەش سەر كۈمۈشنى تولۇق ئالدىم. گۇۋاھچى

12. ... مەن قارىمدۇ تۈتۈك كەدىرەدىن سوراپ يازدىم. بۇ تامغا مەن كەدىردىنىڭدۇر.

## 7. قۇللارغا ھۆرلۈك بېرىش ۋەسىقىلىرى

# 85 (7-1) —— 86 (7-2)

## 85 (7 — 1)

1 l(u)u yïl səkizinq ay altï otuz-ḳa mən x(ïwsay) t(ay)xï

2 uluğ suu-ḳa buyanï təgzün. anta basa aḳa ini oğul-lar-ḳa buyan-ï təgzün basa (ḳoq)o il

3 bəgd-ləringə anqaxï-lar-ḳa xazïn ayğuqï-ḳa xazïn (u)luğ-larïnga il-kə bod(un)-ḳa

4 ḳuwrağ-ḳa alḳu tïnlğ uğux-ïnga anta basa bahxïm uluğ-um kəw bahxï-ḳa

5 məning ɵz bodum-ḳa kixim-kə oğlan-larïm-ḳa basa əsən toğ(rï)l turmïx tutung

6 aḍay tutung ɵgrünq ḳïz baxaḳ-a baxlap uruğ-ḳa ḳadax-ḳa buyan-ï təgzün

7 tip. məning paḍïr-ta xükün-tə ḳaşğanmïx nəgü kim-ni satïp yulup. ḳ(o)qo-taḳï

8 aḍay tutung-nung pinḍung atlğ ḳïrḳ yax-lïğ ḳïḍay oğlan-ïn nom bitig

9 bilir üqün toḳuz ystuḳ qaw birip yulup altïm. mən xïwsay tayxï-ḳa kixim-

10 kə uluğ oğul bolup. əwim-ni barḳ-ïm-nï igiləp

asïrap yorïzun biz m(unt)a song

11 elsər xinking sin-ïn baxlap oğlan-larïm birlə əwim-ni tutup ayïtïxïp

12 kəngixip yorïzun-lar. oğlan-larïm birlə sïğuxu yaraxu umasar. pinḍung əwim-təki

13 nəgü-kə kim-kə ḳatïlmadïn ez bodï. erü tağ-ḳa ḳodï ḳum-ḳa brsar tert yol-ï

14 box bolzun bu bitig-təki sezt-in engi bolsar-biz

15 uluğ suu-ḳa bir altun yastuḳ aḳa ini təgiḍ-lər birər kümüx y(as)tuḳ ïduḳ-(ḳ)ut-ḳa

16 bir ystuḳ xazïn ayğuqï-ḳa bir at ḳïṣğuḍ eḍünüp sezləri yo(rïmaz)un

17 tanuḳ tert maharanq tngri-lər yiti əkə baldïz tərim-lə. yügərü-ki t(an)uḳ

18 ḳoxḍïr tanuḳ ilabu tanuḳ ḳuduğqï əsən tanuḳ tərinqi boḳxïngdu bu (tamğ)a

19 mən xïwsay tayxï-nïng ol mən tələk xïwsay tayxï-ḳa ayïtïp bitidim

---

ئىزاھلار:

2. uluğ suu (ئۇلۇغ خان ئالىيلىرىغا): LIGETI ئەپەندى ئۇنى موڭغۇل خاننى كۆرسىتىدۇ دەپ ئىنقىلاپ چىققان (LIGETI، 1973- يىل، 3-6 بەتلەرگە قارالسۇن).

3. anqaxi (ئەپچىش ئەمەلدارى): بۇ خەنزۇچە 按察使 نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى.

3. xazïn ayğuqï (بۇددا نومى تەپسىرچىسى): "xazïn" سانسكرىتچە śāsana (مەنىسى "دىنى ئەقىدە" يەنى بۇددا دىنى ئەقىدىسىنى كۆرسىتىدۇ)

دىن كەلگەن. "xazïn ayğuqï"نى "(بۇددا) دىنى ئەقىدىلىرىنى سۆزلىگۈچى ياكى چۈشەندۈرگۈچى" دەپ يەشمە قىلىشقىمىز بولىدۇ. بۇددا دىنى ئەقىدىلىرى بۇددا نوملىرىدا سۆزلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن، بىز يەشمىدە بۇقىرىدىكىدەك ئالدۇق.

3. xazïn uluğ-larï (بۇددىست مۆتىۋەرلەر): تۆزنى "ئەقىدىچى (بۇددا دىنى ئەقىدىلىرىنى بىلىدىغان) ئاقساقاللار ياكى مۆتىۋەرلەر" دەپ يەشمە قىلىشقىمىز بولىدۇ. بىز يەشمىنىڭ ئىخچام ۋە چۈشىنىشلىك بولۇشى ئۈچۈن يۇقىرىقىدەك ئالدۇق.

7. "paḍïr xükün (ئاياق-قاچا). paḍïr سانسكرىتچە pātra دىن كەلگەن بولۇپ، بۇددا دىنى راھىبلىرىنىڭ ئايىقىنى (قاچىسىنى) كۆرسىتىدۇ. "xükün" نىڭ ئەسلى مەنىسى ئېنىق بولمىسىمۇ، لېكىن مەزكۇر ۋەسىقىدە "pātra" بىلەن مەنداش قوش سۆزنىڭ بىرى بولۇپ كەلگەن. شۇڭا، يەشمىدە يۇقىرىقىدەك ئېلىندى.

8. oğlan (ئوغلان، قىز)): بۇ سۆز "توغۇل بالا؛ ئوغۇل؛ ئوغۇل مالاي؛ قىز؛ شاھزادە" دېگەن مەنىلەرگە ئىگە.

17. tört maharanq tngri-lər (تۆت ماھاراج تەڭرىلەر): maharanq سانسكرىتچە mahārāja ("ئۇلۇغ ئىلىگ" ياكى "ئۇلۇغ خان" دېگەن مەنىدە) دىن كەلگەن. تۆت ماھاراج تەڭرىلەر سانسكرىتچىدە catur mahārāja، خەنزۇچىدا 四天王 دېيىلىدۇ.

17. yiti əkə baldïz tərim-lə (يەتتە ئىنگىچە-سىڭىل تەڭرىملەر): سانسكرىتچىدە saptamātṛ، خەنزۇچىدا 七母天 ياكى 七姊妹 دېيىلىدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇرچىدا "yiti əkə baldïz təngrim-lər" دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ يەردە təngrim ("ئايال تەڭرى" ياكى "ئايال ئىلاھ" دېگەن مەنىدە)نىڭ ng تاۋۇشى چۈشۈپ قالغان. "təngrimlər"دىكى تەۋەلىك 1- شەخس قوشۇمچىسى "#im" بۇ يەردە ھۆرمەتنى بىلدۈرىدۇ.

ئەسكەرتىش: بۇ ۋەسىقىنىڭ ئاخىرىغا بىر قۇر خەنزۇچە خەت يېزىلغان (UW"3" نىڭ 115- بەتكە قارالسۇن).

بەشىمىسى:

1. ئەجدىھا يىلى سەككىزىنچى ئاينىڭ يىگىرمە ئالتىنچى كۈنى، مەن
شىۋساي تايشى،

2. ئۇلۇغ (خان) ئالىيلىرىغا بەخت يار بولسۇن؛ ئاندىن كېيىن، ئاكا-
ئىنى ئوغۇللارغا (شاھزادىلەرگە) بەخت يار بولسۇن؛ ئاندىن كېيىن،
قوچو ئېل(ىلىنىڭ)

3. بەگلىرىگە، تەپتىش ئەمەلدارلىرىغا، (بۇددا) نومى تەپسىرچىلىرىگە،
بۇددىست مۇتىۋەرلىرىگە، ئەلگە، خەلققە،

4. (راھىب) جامائەتكە، بارلىق جانلىقلار قەۋمىگە (بەخت يار
بولسۇن)؛ ئاندىن كېيىن، ئۇستازىم-ئۇلۇغۇم كەۋ باخشىغا،

5. مېنىڭ ئۆزۈمگە، ئايالىمغا، ئوغۇللىرىمغا، يەنە ئەسەن تۇغرىل
تۇرمىش تۇتۇڭ،

6. ئاداي تۇتۇڭ، ئۆگرۈنچ قىز، باشاقا قاتارلىق ئۇرۇق-تۇغقانلىرىمغا
بەخت يار بولسۇن

7. دەپ، مېنىڭ ئاياقتا-قاچىدا تاپقان (نەرسىلىرىمنى) سېتىپ،
بىركىمنى (قايتۇرۇپ سېتىۋېلىش ئۈچۈن) قوچودىكى

8. ئاتاي تۇتۇڭنىڭ يىنتۇڭ ئىسىملىك، قىرىق ياشلىق، قىتاي
ئوغلانىنى (قۇلىنى) نوم-پۈتۈك

9. بىلدىمغانلىقى ئۈچۈن توققۇز ياستۇق چاۋ بېرىپ سېتىۋالدىم. (ئۇ)
مەن شىۋساي تايشىغا (ۋە) ئايالـ-

10. ىمغا چوڭ ئوغۇل بولۇپ، ئۆي جايىمنى باشقۇرۇپ-ئاسراپ
تۇتۇپ بەرسۇن، بۇنىڭدىن كېيىن (بىز)

11. ئۆلۈپ كەتسەك، شىن كىڭ، سىن ئىن قاتارلىق ئوغۇللىرىم بىلەن
بىرلىكتە ئۆيۈمنى تۇتۇپ، ئۆز ئارا مەسلىھەتلىشىپ-

12. كېڭىشىپ ئىش قىلسۇن. ئوغۇللىرىم بىلەن سىغىشالمـا-

كېلىشەلمىسە، پىنتۇڭ ئۆيۈمدىكى

13. هەرقانداق كىشىگە قېتىلماستىن، ئۆزى يالغۇز يۇقىرىسى تاغقا، تۆۋىنى قۇملۇققا بارسا، تۆت يول

14. ئۈچۈنچى بولسۇن. (مۇبادا) بىز بۇ هۆججەتتىكى سۆزىمىزدىن يېنىۋالساق،

15. ئۇلۇغ (خان) ئالىيلىرىغا بىر ئالتۇن ياستۇق، ئاكا-ئىنى شاهزادىلەرگە بىردىن كۈمۈش ياستۇق، ئىدىقۇتقا

16. بىر ياستۇق، ئوم تەپسىر قىلغۇچىغا بىر ئات جەرىمانە تۆلەيلى. سۆزلىرىمىز ئۆتمىسۇن.

17. گۇۋاهچى تۆت ماهاراج تەڭرىلەر، يەتتە ئاچا - سىڭىل تەڭرىلەر، هازىرقى گۇۋاهچى

18. قوشتىر، گۇۋاهچى ئىلابۇ، گۇۋاهچى قۇدۇغچى ئەسەن، گۇۋاهچى تەرىنچى بوقىشىڭدۇ. بۇ تامغا

19. مەن شىۋساي تايشىنىڭدۇر. مەن تۆلەك شىۋساي تايشىدىن سوراپ يازدىم.

## 86 (7 — 2)

1 taḳïğu yïl üqünq ay iki yangïḳa mən
2 kθni ḳuz ağïr igkə təgip θlüp ïdïp
3 barğay-mən tip xïnḳuy tutung bəg-kə
4 küdəgüm likə-kə kingəxip ayḍïxïp
5 kəwxi-tə tuğmïx burhan ḳulï atlğ
6 oğul-an-ḳa θgkə ḳangḳa buyan-ï
7 təgzün tip box bitig birtim
8 bu küntə mïnqa burhan ḳulï-nïng
9 θrü tağ-ḳa ḳoṭï ḳuum-ḳa barsar

10 өz kөngül-inqə buyan birip yorïzun
11 mning ķatïn-larïm tirigə-ltmix-ə baxlap
12 əw-təki ķatïn-larïm mning tuğmïx-larïm
13 kim ymə qmlamazun-lar qmlasar-lar
14 iqgərü ağïlïķ-ķa bir altun yastuķ
15 ķoqo bəgingə bir at balïķ bəgingə bir
16 ud birip ağïr ķïyn-ķa təgzün tanuķ
17 tөrt maharaq tngri-lər tanuķ yiti əkə balţïz
18 tngrim-lər yügərüki. tanuķ ikiqi tanuķ ər tonga
19 bu bitig-ni aķasï boķsang toyïn üskintə
20 ķaţïn-larïm-ķa ayïḍïp birtim bu tmğa mən
21 likə-ning ol mən ķaysïn tu ayïḍïp bitidim.

---

ئىزاھلار:

تېكىست ھەققىدە: بۇ ۋەسىقىدە، كۆزنى ئۈز دېگەن ئادەم ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ، ھاياتىدىن ئۈمىدى ئۈزۈلگەندە، ساۋابلىق ئىش قىلىش يۈزىسىدىن بۇرخان قۇلى ئاتلىق بالا مالايغا ھۆرلۈك خېتى بەرگەنلىكى؛ ئۆزىنىڭ ئۇرۇق-تۇغقان، قۇدا-باجىلىرىنىڭ بۇرخان قۇلى توغرۇلۇق دەۋالاش قىلماسلىقى، ئەگەر دەۋالاش قىلسا، ئېغىر جەرىمانە تۆلىگەندىن سىرت، قاتتىق جازاغا تارتىلىدىغانلىقى يېزىلغان. يەنە گۇۋاھلىق بەرگەنلەرمۇ ئەسكەرتىلگەن.

مەزكۇر ۋەسىقىنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسلانغاندا، "UW"2 دە ئۇنىڭ "ۋەسىيەتنامە ياكى مىراس بۆلۈش ۋەسىقىلىرى" قاتارىغا كىرگۈزۈلگەنلىكى مۇۋاپىق بولمىغان. بىزچە بۇ ۋەسىقىنى قۇللارنى ئازاد قىلىش ياكى قۇللارغا ھۆرلۈك بېرىش مەزمۇن قىلىنغان ۋەسىقىلەر قاتارىغا كىرگۈزۈش كېرەك. يەنى "UW"2 نىڭ تۈرگە ئايرىشى بويىچە Em02 بولۇشى، يەنى (2-7) 83 دەپ رەت نومۇرى بېرىلسە مۇۋاپىق بولاتتى. بىز قوشقان ۋەسىقىلەرنى قايتا تەرتىپكە تىزغاندا (2-7) 86 دەپ نومۇر بەردۇق.

12 .11. katïn (~kadïn): بۇ سۆز ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا "قېيىن" دېيىلىدۇ. بۇ سۆز "قېيىن ئاتا، قېيىن ئانا، قېيىن ئاكا، قېيىن ئىنى، قېيىن ئاچا، قېيىن سىڭىل" قاتارلىق بىرىكمىلەردە كېلىپ، تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتنى بىلدۈرىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇ سۆزنىڭ مەيلى قەدىمدە ياكى ھازىر بولسۇن، مەنىسى خېلى كەڭ بولۇپ، ئۇ تويلىشىشتىن شەكىللەنگەن ۋاستىلىق تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىنى ياكى قۇدا-باجىلىق مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرىدۇ. شۇڭا، بۇ سۆز يەشمىنىڭ 11- قۇرىدا "قۇدا-باجا" دەپ، 12- قۇرىدا "قېيىن تۇغقان" دەپ ئېلىندى. چۈنكى، ئەسلى تېكىستنىڭ 12- قۇرىدا "əw-təki katïn-larïm" (ئۆيدىكى قېيىن تۇغقانلىرىم) دېيىلگەن بولۇپ، ئۇلار كۆنى قىزنىڭ ئايالىنىڭ، كۈيئوغۇل ياكى كېلىنلىرىنىڭ كۆنى قىز بىلەن بىر قوروودا تۇرۇۋاتقان تۇغقانلىرىنى كۆرسىتىشى كېرەك.

---

يەشمىسى:

1. توخۇ يىلى ئۈچىنچى ئاينىڭ ئىككىنچى كۈنى، مەن
2. كۆنى قىز ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ، ئۆلۈپ كېتىپ
3. قالارمەنمىكىن دەپ (ئويلاپ)، شىنكۆي تۇتۇقنىڭ بەگ (ۋە)
4. كۈيئوغلۇم لىكە بىلەن كېڭىشىپ-مەسلىھەتلىشىپ،
5. كەۋشىدىن تۇغۇلغان، بۇرخان قۇلى ئاتلىق
6. ئوغۇل مالايغا، ئانىغا-ئاتىغا (ئاتا-ئانامنىڭ روھىغا) ساۋابى
7. تەگسۇن دەپ ھۆرلۈك خېتى بەردىم.
8. بۈگۈندىن باشلاپ بۇرخان قۇلى
9. يۇقىرىسى تاغقا، تۆۋىنى قۇملۇققا بارسا،
10. ئۆز كۆڭلىدىكىدەك ساۋابلىق (ئىشلارنى) قىلىپ يۈرسۇن.
11. مېنىڭ قۇد-باجىلىرىم، تىرىگەلىمىشە باشچىلىقىدىكى
12. ئۆيدىكى قېيىن تۇغقانلىرىم (ۋە) ئۆزۈمنىڭ تۇغقانلىرىمدىن
13. ھېچكىم دەۋالاش قىلمىسۇن، دەۋالاش قىلسا،

14. ئىچكى خەزىنىگە (ئوردا خەزىنىسىگە) بىر ئالتۇن ياستۇق

15. قوچو بېگىگە بىر ئات، شەھەر بېگىگە بىر

16. كالا (جەرىمانە) تۆلەپ، ئېغىر جازاغا مەھكۇم بولسۇن.
گۇۋاھچى

17. تۆت ماھاراچ تەڭرىلەر، گۇۋاھچى يەتتە ئىگىچە-سىڭىل

18. تەڭرىلەر، گۇۋاھچى ئىكىچى، گۇۋاھچى ئەر توڭا.

19. بۇ ھۆججەتنى (بۇرخان قۇلىنىڭ) ئاكىسى يوقساڭ تويىن
(راھىب) ئالدىدا،

20. قۇدا-باجىلىرىمغا ئوقۇپ بەردىم. بۇ تامغا مەن

21. لىكەنىڭدۇر. مەن قايسىن تۇ سوراپ يازدىم.

## 8. ۋەسىيەتنامە ياكى مىراس بۆلۈش ۋەسىقىلىرى

## 87 (8-1) —— 91 (8-5)

### 87 (8 — 1)

1 küskü yïl səkizinq ay səkiz ygrmikə
2 mən tüxiki ağïr igkə tgmix-kə
3 ədgü ayïğ bolğay-mən tip kixim
4 sïlang-ḳa bitig ḳoṭdum mïnta
5 kin ər-kə bəg-kə tgmətin əwim-
6 ni tutup oğlum altmïx ḳay-a-nï
7 asïrap yorïzun oğlum ḳoxang əsən
8 ḳay-a olar ɵgəy anamïz biz-kə
9 tgir alïr-biz tip almazun ḳatïl-
10 mazun-lar apam birɵk alïr-biz
11 tip qamlasar-lar uluğ süü-kə
12 bir altun yastuḳ oğlan tigiḍ-
13 lərkə birər kümüx yastuḳ
14 iqgərü ağïlïḳ-ḳa bir yastuḳ
15 iqgərü ağïlïḳ-ḳa bir at birip
16 ağïr ḳïyn-ḳa tgip sɵzləri
17 yorïmazun bu bitig-ni xutza
18 kəd ḳy-a tutung tügəl-ə kimtso
19 baxlap ḳuwrağ tawğaq ynga ikiqi

20 baxlap bodun ķaṭax-larïmïz əsən-ə
21 olar üskintə birtim tnuķ ingə
22 tnuķ ķan toyïn bu tmğa ınning ol
23 mən ķaysïn ayïtïp bitidim
24B bu tmğa mən tawğaq ynga-nïng ol
25B bu tmğa mən əsən-ə-ning ol

---

ئىزاھلار:

8-9. قۇرلاردىكى جۈملىلەر: قەدىمكى تۈركلەردە دادىسى ئۆلۈپ، باش ئۆگەي ئانىسى تۇل قالسا، ئۆگەي ئوغۇللىرى ئۇنى ئالىدىغان ئادەتنى ئەسلىتىدۇ.

17. xutza (شۇتزا): بۇ ئاتالغۇ خەنزۇچە 首座 نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى (UW"2، 285-بەتكە قارالسۇن) بولۇپ، بۇددىستلارنىڭ مەرتىۋە دەرىجىسىنى كۆرسىتىدۇ.

يەشمىسى:

1. چاشقان يىلى سەككىزىنچى ئاينىڭ ئون سەككىزىنچى كۈنى،
2. مەن تۈشكى ئىغىر كىسەلگە گىرىپتار بولغاچقا،
3. ياخشى-يامان بولۇپ قالارمەنمىكىن دەپ ئايالىم
4. سىلاڭغا (ۋەسىيەت) نامە (يېزىپ) قالدۇردۇم. (ئايالىم) مەندىن
5. كېيىن (قالسا)، ئەرگە-بەگكە تەگمەستىن ئۆيۈمدە -
6. نى تۇتۇپ ئوغلۇم ئالتمىش قايانى
7. بېقىپ ئۆتسۇن. ياشقا ئوغۇللىرىم — قوشاڭ، ئەسەن
8. قايالار: "ئۆگەي ئانىمىز (سىلاڭ) بىزگە
9. مەنسۇپ، بىز ئالىمىز" دەپ (ئۇنى) ئالمىسۇن، (ۋە ئۇنىڭ ئىشلىرىغا) ئارىلاش-

10. مسۈن. ئەگەر، (ئۈنى) ئالمىز
11. دەپ دەتالاش قىلسا، خان ئوردىسىغا
12. بىر ئالتۇن ياستۇق (پۇل)، ئوغۇل شاھزادى-
13. لەرگە بىردىن كۈمۈش ياستۇق (پۇل)،
14. ئىچكى (ئوردا) خەزىنىسىگە بىر ياستۇق،
15. (يەنە) ئىچكى خەزىنىگە (ئوردا خەزىنىسىگە) بىر ئات
(جەرىمانە) تۆلىسۈن (ھەم)
16. نېفىر جازاغا تارتىلسۇن! سۆزلىرى
17. ئاڭلىسۈن. بۇ (ۋەسىيەت)نامىنى شۇئىزا
18. كەد قيا تۆتۆڭ، تۆكەلە، كىمتىسو
19. باشچىلىقىدىكى (بۇددىست) جامائەت، تاۋغاچ ياڭا، ئىكىچى
20. باشچىلىقىدىكى (مەھەللە) خەلقى، تۆغقاتلىرىمىز ئەسەنە
21. قاتارلىقلارنىڭ ئالدىدا بەردىم. گۇۋاھچى ئىنىگە،
22. گۇۋاھچى قان توين، بۇ تامغا مېنىڭدۇر.
23. مەن قايسىن سوراپ يازدىم.
24B. بۇ تامغا مەن تاۋغاچ يىگانىڭدۇر
25B. بۇ تامغا مەن ئەسەنەنىڭدۇر.

## 88 (8 — 2)

1 (t)onguz yïl tertünq ay mən ķaraquķ ağïr igləmixtə oğlum-

2 (ķ)a ķalmïx tawar-ïğ etigləp ķoṭdum. on {toķuz} uluğ hu-a-qan texək

3 üq tertkil texək yiti yürüng tarda(?) texək. bix bozaķ

4 (ta)rda(?) tθxək. bir tükqük(?) tθxəki. bir manmur(?). bir siling

5 ///i(?) ķidiğ kəwiz. alti ygrmi yağaķ ayaķ. bix yağaķ təpsi.

6 (t)θrt iğaq təpsi. iki yağaķ kθnək. bir bədizlig sir

7 (k)θnək. bir yağaķ ķapan. bir iğaq ķapan. bir yağaķ

8 irkün(?). iki sθgüt irkün(?). bir sir ayaķ. üq yağaķ mün

9 /uzluķ. iki yağaķ ķading. yiti tirək ķating. bir ķuruğ sin(?)

10 //g. bir qa-qan. iki sir ķaxuķ. alti kixilik sir qθki. səkiz

11 on kixilik ķizil qθki. bir bədizlig sutķu. üq üqər ķapliķ

12 (k)üp. üq birər ķapliķ idix

---

ئىزاھلار:

1. ķaraquķ (قاراچۇق): مەزكۇر ۋەسىقىنىڭ فوتو سۈرىتىگە ئاساسلانغاندا، بۇ كىشى ئىسمىنى قاناچۇق (ķanaquķ) دەپ ترانسكرىپسىيە قىلىشقىمۇ بولىدۇ.

2. hu-a-qan (گۈللۈك كىگىز، ياكى شىرداق؟): "UW"2 نىڭ 256- بېتىدە، ئۇنىڭ خەنزۇچە 花毡 نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەن. دېمەك ئۇ "گۈل بېسىلغان كىگىز" ياكى "شىرداق" نى كۆرسىتىشى كېرەك.

3. tarda (تاردا): مەنىسى ئېنىق بولمىغان بۇ سۆزنى "tanda" دەپ ئوقۇشقىمۇ بولىدۇ ("UW" 2، 137- بەتكە قارالسۇن).

4. tükqük (تۈكچۈك): "UW" 2، 137- بېتىدە بۇ سۆزنى

"tügnüg" دەپ ئوقۇشقىمۇ بولىدىغانلىقى ئەسكەرتىلگەن. بۇ ۋەسىقىنىڭ فوتو سۈرىتىدىن قارىغاندا، سۆز ئوتتۇرىسىدا كەلگەن ۋە ئالدى كەينىدىكى ھەرپلەرگە قوشۇپ يېزىلغان "چ" ھەرپىدىن ئىككىسى بولۇپ، بىرىسى "ķaraquķ"تا، يەنە بىرىسى مۇشۇ "tükq(lk" دېگەن سۆزدە. بۇ ئىككى "چ" ھەرپىنىڭ يېزىلىشى ئوخشاپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ بىرىنى ئۆزگەرتىپ ئوقۇغاندا، يەنە بىرىنىمۇ ئۆزگەرتىپ ئوقۇشقا توغرا كېلىدۇ.

سۆزسۈن تاۋار: ئەسلى تېكىستتە "siling" دېيىلگەن بولۇپ، 2"UW" نىڭ 282- بېتىدە، ئۇنىڭ خەنزۇچە [illegible] دىن كەلگەنلىكى ئەسكەرتىلگەن. شۇڭا، يەشمىدە يۇقىرىقىدەك ئېلىندى.

5. kəwiz (گىلەم): 2"UW" دە "kəwiz" دەپ ترانسكرىپسىيە قىلىنغان بۇ سۆزنى، مەزكۇر ۋەسىقىنىڭ فوتو سۈرىتىگە ئاساسلانغاندا، ئۇ سۆزنى "kəyiz" (ياكى "kiyiz") قىلىپ ترانسكرىپسىيە قىلىشقىمۇ بولىدۇ.

5. təpsi (تەخسى): «ئىدىقۇت مەھكىمىسى سۆزلۈكى»دە "təpsi" (~təpxi) خەنزۇچە [illegible] ("تەخسە") دەپ چۈشەندۈرۈلگەن.

9. uzluķ/: بۇ قۇرنىڭ بېشىدىكى /uzluķ دېگەن سۆزنىڭ بىرىنچى ھەرپىنى پەرق ئېتىش مۇمكىن بولمىغان. بۇنى "tuzluķ" دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. شۇنداق ئوقۇغاندا ئالدىدىكى سۆز بىلەن قوشۇپ "شورپا (ياكى) تۇزلۇق (قاچىسى)" دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ.

9. ķadïng (ئۆرۈك؟): ئەسلى تېكىستتە "ķadïng" ۋە "ķatïng" دەپ يېزىلغان. «ئىدىقۇت مەھكىمىسى سۆزلۈكى» دە، "ķadïng" سۆزى خەنزۇچە [illegible] دەپ چۈشەندۈرۈلگەن. خەنزۇچە «سۆز دېڭىزى»دا [illegible] سۆزى ئاساسلىقى مۇنداق ئىككى خىل چۈشەندۈرۈلگەن: (1) قەدىمكى سىرقما چالغۇ ئەسۋابى (قوڭغۇراق). (2) قەدىمكى ئۆرۈك شەكىللىك قاچا. مۇشۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، بۇ ۋەسىقىدىكى، "ķadïng" (~ ķatïng) ئاتالغۇسى ياڭاق ياكى تېرەك ياغىچىنى چېپىپ ئويۇش ياكى قىرىپ ئويۇش ئارقىلىق ياسالغان ئۆرۈك شەكىلدىكى بىر خىل ياغاچ قاچىنى كۆرسەتسە كېرەك. بۇ ئاتالغۇ 2"UW"

نىڭ 272- بېتىدە "قاچا، ئىدىش" دەپ چۈشەندۈرۈلگەن.
9. sin (سىن): UW"2" نىڭ 137- بېتىدە 9- قۇردىكى sin سۆزىنى ئىلگىرى بەزىلەرنىڭ باشقىچە ئوقۇغانلىقى نەسكەرتىلگەن.
10. qaqan (چاي چىنىسى): دېيىلگەن بولۇپ، UW"2" نىڭ 254- بېتىدە، "qaqan"نىڭ خەنزۇچە＊ دىن كەلگەنلىكى كۆرسىتىلگەن.
11. kaplïķ (قاپلىق): ھەجىم ئۆلچەم بىرلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

يەشمىسى:

1. چوشقا يىلى تۆتىنچى ئاي. مەن قاراچۇق ئىغىر كېسەل بولغانلىقىمدىن، ئوغلۇم-

2. ـغا قالغان مال-مۈلۈكنى تىزىملاپ قالدۇردۇم: ئون توققۇز چوڭ گۈللۈك كىگىز (شىرداق؟) سېلىنچا،

3. ئۈچ (دانە) چاسا سېلىنچا، يەتتە (دانە) ئاق تاردا (؟) تۆشەك، بەش (دانە) بوزاق

4. (تاردا) تۆشەك، بىر تۆكچۈك (مويلۇق؟) تۆشەك، بىر مانىمۇر (؟)، بىر (توپ ياكى پارچە) سۆسۈن (تاۋار)

5. ... جىيەكلىك گىلەم، ئون ئالتە (دانە) ياگاق (ياغىچى) ناپاق، بەش (دانە) ياگاق (ياغىچى) تەخسە،

6. تۆت (دانە) ياغاچ تاۋاق، ئىككى (دانە) ياغاچ چېلەك، بىر (دانە) نەقىشلىك سىرلىق

7. چېلەك، بىر (دانە) ياگاق ياغىچى (تاۋاق)، بىر (دانە) ياغاچ تاۋاق، بىر ياگاق (ياغىچى)

8. ئىركۈن(؟)، ئىككى سۆگەت (ياغىچى) ئىركۈن(؟)، بىر سىرلىق ناپاق، ئۈچ (دانە) ياگاق (ياغىچى) شورپا

9. ...، ئىككى (دانە) ياگاق (ياغىچى) ئۇرىق(؟)، يەتتە تېرەك

(ياغىچى) ئۈزرىق(؟)، بىر قۇرۇق سىن(؟)

10. ...، بىر (دانه) چاي چىنىسى، ئىككى (دانه) سىرلىق قوشۇق، ناله كىشلىك سىرلىق چوكا، سەكسەن

11. كىشلىك قىزىل چوكا، بىر (دانه) نەقىشلىق ساندۇقچه(؟)، ئۈچ (دانه) هەر بىرى ئۈچ قاپلىق

12. كۆپ، ئۈچ (دانه) هەر بىرى بىر قاپلىق ئىدىش.

## 89 (8 — 3)

0 ///////////////////////////(...................)

1 ///////////////////////////(..)ïp k̦udluğ buk̦a-k̦a bir (..)

2 /////////////// üq yastuk̦ qaw birzün tip bir (...)

3 //////////////// bir ingək bir ixiq bir snaq bir (...)////

4 ////////// k̦(.)//(.) k̦alïng ɵqgü üq yastuk̦ birzün. turmïx

5 /////////////-i xuikü ɵgən-tə bəkin(?) bilə ülüx-lüg ///// (y)grmi(?)

6 ////////////-tə altï xïğ yir iq k̦ïr-a-ta səkiz xïğ yir-tə tɵrt

7 //////////(.) q-lar-ta bix xïğ yir smdoku k̦ïr-a-ta turmïx tutung

8 ////////// iki xïğ yir-tə manga təgmix altï xïğ yir. siggik

9 //////// (kɵ)l üzə suwak̦-lïğ manga tgir on xïğ yir-tə bix xïğ yir.

10 /////(..)//S// oğlan. bir at bir ud bir əxgək bir kiđmən

11 //////// (...) ixiq bir snaq on ayaḳ bir ingək əski ulus(?)-nïng

12 //////// təgmix tüz yrïm-nïng tayḍsang-tḳï ḳum borluḳ-um-ta boox

13 ////////z yarïp ɵngdün yanïn qurḳux-ï bilə trbix-kə birip

14 /////////mïx-ḳa birtim. trbix-kə tgmix-i turmïx-ḳa üq ḳaḍa

15 ////////(.)mïx sənilək-ni bïndu-sïn alḳu-sïn toy-ïn ix-in saḳïx

16 ////////(.) iqindki bəkin(?) bilə üləxip almïx borluḳ-um-nï ang-a.

17 ///// (ta)xdïn-ḳï box yir-i bilə manga lan(?) ḳadḳanlïḳ-ïn trbix-kə siz

18 ///////// ülüx-kə tgmix-i sïḳap ɵgən-tki yaşï-lar-tïn almïx

19 //////////ḳu ḳïr-a-taḳï turuḳ ɵgəqük-tin almïx on xïğ yir

20 //////////////////mïx ɵləng yir . siggik-tə uluğ kɵl üzə suwaḳ-

21 (lïğ) /// manga təgmix üq künlük yaz suwaḳ-lïğ bir yrïm küz kün-lük

22 ///////// tüz yrïm-ï taysang-tḳï ḳum borluḳ-um-nï box yir-i bilə

23 ///// (ɵng)dün yanïn qïrḳux-ï bilə trbix-kə birtim tügəl atlïğ

24 ////////// ḳlïğ bəkin(?) bilə üləxip almïx olurur əw bir ḳnglï

25 ///////// ingək üq əxgək bir bədük bir kiqig iki ixiq bir

26 ///// (kiḍ)mən on ayaķ bir kümüx ķuping an-a tgir-i mamat monggŭl-qin

27 ///// ɵdəkqi bilə ortuķ altï xïğ yir bilə munq-a tgir-ni

28 /////////z bu munqa mnga birmix ülüx-ni bitigdəki-qə alïp

29 //////////i üqəgü birisi tɵrḍər stïr tüz tuḍup yorïzun-lar:

30 ///l(.)n-ta m-a aḍa bitigi yorïzun tïp bar üqün bitig

31 // (bü)ḍürüp birtim. bu bitig-ni ķayu-sï taplamadïn qaḍïx-

32 ////y-lar

33 //////////-ni yorïḍmamïx yaşuķ-ķa tgip ülüx almadïn kixi-si

34 //////////// yiti ķamqï bərgə yip yiḍzün tnuķ bg buķ-a tnuķ

35 ///// ķuḍluğ bəg tnuķ ɵgrünq-ə bu tamğ-a mən W'PY'H(?)-nïng ol mən

36 ///// əlig-im bitidim

---

ئىزاھلار:

5. xüi kü (خەنزۇچە: 水渠 نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى.

7. samdo kuu (سامدو ئۆستەڭى): خەنزۇچە 三道渠 نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولسا كېرەك، 61- ئۆستەڭنىڭ 8- قۇرىغا بېرىلگەن ئىزاھقا قاراڭ.

12. tayḍsang (تايساڭ): [illegible] نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى.

17. lan (ياغاچ قاشا؟): خەنزۇچە 栏 نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى.

26. ku̇pïng (ئۇرۇق): ئەندىقۇت مەھكىمىسى سۆزلۈكىدە، ku̇pïng نى [illegible] ("ئۇرۇق، چۈگۈن" دېگەن مەنىدە) دەپ كۆرسەتكەن.

31. qaḍïx ياكى qatïx (چاتاق، چېتىش): سۆز تومۇرى "چاتىماق"قا ئوخشايدۇ. شۇڭا، بەشىمدە "چاتاق" دەپ ئېلىندى.

34. yiti ķamqï bərgə yip yiḍzün (يەتتە قامچا-دەررە ئۇرۇش جازاسىغا تارتىلسۇن): "ئۇرۇش جازاسىغا تارتىلسۇن" دېگەن جۈملە ئەسلى تېكىستتە "yip yiḍzün ("يېپىشكە ئۈچرىسۇن <يەتسۇن>" دېگەن مەنىدە) دېيىلگەن. بەشىمدە يۇقىرىقىدەك ئېلىندى.

35. W'PY'H(?) (ياپىغ): بۇ كىشى ئىسمى 2"UW" نىڭ 139-بېتىدە، ئېنىق ترانسكرىپسىيە قىلىنماي، ئېنىق بولمىغان ئىسىم قاتارىدا "W'PY'H(?)" قىلىپ بېرىلگەن. بىز بۇ ۋەسىقىنىڭ فوتو سۈرىتىگە ئاساسەن، ئۇنى yapïğ دەپ ترانسكرىپسىيە قىلدۇق.

بۇ ۋەسىقىنىڭ ئۈچۈپ كەتكەن، كەمتۈك جايلىرى كۆپ بولغاچقا، بەزى سۆزلەر ياكى جۈملىلەرنىڭ مەنىلىرىنى جەزملەشتۈرمەك قىيىنراق.

بەشىمىسى:

0. …

1. … قوتلۇق بۇقىغا بىر …

2. … ئۈچ ياستۇق چاۋ (پۇل) بەرسۇن دەپ بىر …

3. … بىر ئىنەك، بىر قازان، بىر تېرە خالتا، بىر …

4. … قىز مېلىنى تۆلەش(؟) (ئۈچۈن) ئۈچ ياستۇق (پۇل) بەرسۇن. تۇرمىش

5. … شۈيكۈ دەرياسى (بويىدىكى) بەكىن (؟) بىلەن ئۆلەشكەن … يىگىرمە (؟)

6. ... ئالتە شىغ (دادەنلىك) يەر، ئىچ قىرادىكى سەككىز شىغ (دادەنلىك) يەردىن تۆت

7. ... بەش شىغ (دادەنلىك) يەر، سامدو ئۆستىڭى (يېنىدىكى) قىرادا تۆرمىش تۆتۆك

8. ... ئىككى شىغ (دادەنلىك) يەردىن ماڭا تەگكەن ئالتە شىغ (دادەنلىك) يەر، سىگگىك

9. ... كۆل بىلەن سۇغىرىلىدىغان، ماڭا تېگىدىغان ئون شىغ (دادەنلىك) يەردىن بەش شىغ (دادەنلىك) يەر،

10. ... بالا مالاي (غۇلام)، بىر ئات، بىر كالا، بىر ئىشەك، بىر كەتمەن

11. ... بىر قازان، تېرە تاپ، ئون ئاياق (قاچا)، بىر ئىنەك، ئەسكى ئۆلۈسىنىڭ

12. ... تەگكەن تەڭ يېرىمىنىڭ تايتساڭدىكى قوم (يېرى تۆماڭغۇ؟) ئۆزۈملۈكمدىن بوش

13. ... بۆلۈپ، شەرق تەرىپىنى چۆرقۆشى بىلەن تەرىشكە بېرىپ،

14. ... بەردىم. تەرىشكە تېگىدىغىنى تورمىشقا ئۆچ قاتا

15. ... سەنلەك(؟)نى، بىندۇ(؟)نى، ئالقۇ(؟)نى، تويى(؟)نى نىش(؟)نى سان

16. ... ئىچىدىكى بەكىن(؟) بىلەن ئۆلىشىپ ئالغان ئۆزۈملۈكنى ئاڭا

17. تاشقىرىدىكى بوش يەر بىلەن ماڭا(؟) ياغاچ تاشا(؟) قادتانلىق(؟)نى تەرىشكە، سىز

18. ... ئۆلۈشكە ئېرىشكىنى، سىقاپ دەرياسى (بويىدىكى) تۆزلەڭلىكلەردىن ئالغان

19. ... قىرادىكى تۆرۈق ئۆگەچۆكتىن ئالغان ئون شىغ (دادەنلىك)

بەر

20. ... چۈپلۈك يەر (ئوتلاق)، سىگگىكتىكى چوڭ كۆل بىلەن سۇغۇرۇ

21. ىلىدىغان ... ماڭا تەگكەن، بازدا ئۈچ كۈن سۇغىرىلىدىغان يەر، كۈزدە بىر يېرىم كۈن

22. (سۇغىرىلىدىغان يېرىمنىڭ) تەڭ يېرىمىنى، تايساڭدىكى قۇم (يېرى قۇمساڭغۇ؟) ئۈزۈملۈكمنى بوش يېرى بىلەن،

23. ... شەرق تەرىپىنى چىرقۇشى بىلەن تەرىشكە بەردىم. تۆگەل ئاتلىق

24. ... بەكىن(؟) بىلەن ئۈلشىپ، ئالغان (ۋە) ئولتۇرۇۋاتقان ئۆي، بىر هارۋا

25. ... .شىنەك، ئۈچ ئىشەك، بىر چوڭ، بىر كىچىك (بولۇپ) نىككى قازان، بىر

26. ...، بىر كەتمەن، ئون ئاياق (قاچا)، بىر كۈمۈش ئۈزۈك، ئانا مىراسى، مامات موڭغۇلچىن

27. ... ئۆدەكچى بىلەن ئورتاق ئالتى شىغ (دادەنلىك) بەر بىلەن مۇشۇنچىۋالا مىراسنى

28. ... بۇ مۇشۇنچىۋالا ماڭا بەرگەن ئۈلۈشنى هۆججەتتىكىچە نبلىپ،

29. ...ىي ئۈچەيلەندىن هەر بىرى تۆت سەردىن تەڭ ئۈلشىپ نىشلەتسۇن.

30. ... ئاتا پۈتۈكى (ۋەسىيەتنامىسى) ئىجرا بولسۇن دەپ، (ئۆزۈم هايات) بار ۋاقتىمدا (بۇ) پۈتۈك

31. (ىنى) پۈتتۈرۈپ بەردىم. بۇ پۈتۈكنى هېچقايىسى ماقۇل كۆرمەي چاتاق

32. (چىقارمىسۇن).

33. (ئۇنداق قىلمايدىكەن، بۇ پۈتۈك)نى ئىجرا قىلمىغان كۈناھقا مەھكۇم بولۇپ، ئۆز ئۈلۈشىنى ئالماستىن، ئابالى

34. ... يەتتە قامچا-دەررە ئۇرۇش جازاسىغا تارتىلسۇن. گۇۋاھچى بەگ بۇقا، گۇۋاھچى

35. ... قۇتلۇغ بەگ، گۇۋاھچى ئىتگۈرۈنچە. بۇ تامغا مەن يايىغىنىڭدۇر. مەن

36. ... (ئۆز) قولۇم بىلەن يازدىم.

## 90 (8 — 4)

1 takïğu yïl ikinti ay y(......) //// (...)-ning ḳ(al)mïx tawar ɵtügi

2 iki inqgə ton iki yiplig(?) (q)uğ bir ḳra quğ iki (.....)ḳwğaḳ

3 bir yipl(i)g(?) ixgirti iki k(..) {bir} ala torḳu bir T'KW(..) aḳ

4 bir ülətü inix(?) bir sin(?) (...) bir laty iki ülətü alḳuğun

5 tɵrt sïtïr bix baḳïr sɵkti(?) altun iki sïtïr itig

6 altun tɵrt ming ḳuanpu. bix ḳoyn munqa tawar-nï mən il

7 üşünmix oğlnïm yrp turmïx-ḳa bg turmïx-ḳa əniqük-kə birürmən

8 bu tamğa biz üqəgü-ning ol.

ئىزاھلار:

2. يىپلىق (yiplig(?))؛ «ئۇ. ۋ.» 2. نىڭ 141- بېتىدە، بۇ سۆزنىڭ "yipgin" ("سۆسۈن" دېگەن مەنىدە، خەنزۇچە ※ ) بولۇش ئېھتىمالى بارلىقى ئەسكەرتىلگەن. بۇ ۋەسىقىنىڭ فوتو سۈرىتىدىن قارىغاندا، ئۇنى "yiplig(?)" دەپ ترانسكرىپسىيە قىلىش مۇۋاپىق بولغان.

قاپ: ئەسلى تېكىستتە "k(a)wğak" دەپ يېزىلغان بولۇپ، بۇرتقان-كۆرپە باكى ياستۇقنىڭ قېپىنى كۆرسىتىدۇ (2"UW" نىڭ 274- بېتىگە قارالسۇن).

4. ھىلھىلە لىنتا: ئەسلى تېكىستتە laty دېيىلگەن بولۇپ، خەنزۇچە ※ دىن كەلگەن دەپ ھېسابلىنىدۇ (قارالسۇن 2"UW" نىڭ 264- بەت).

5. چاقا: ئەسلى تېكىستتە "sөkti(?)" دېيىلگەن. "sөkti(?) altun" دېيىلگىنى پارچە (چاقا) ئالتۇننى كۆرسەتسە كېرەك ("چاقا پۇل" دېيىلگەندەك).

يەشمىسى:

1. توخۇ يىلى ئىككىنچى ئاينىڭ ... كۈنى، ... نىڭ قالغان مال، مۈلكىنىڭ تىزىملىكى:

2. ئىككى نەپەس تون، ئىككى يىپلىك (؟) خالتا، بىر (دانە) قارا خالتا، ئىككى ... قاپ،

3. بىر يىپلىق (؟) كىمخاپ، ئىككى ...، بىر (توپ؟) رەڭدار تورقا، بىر ... ئاق،

4. بىر ياغلىق ئىنىش(؟)، بىر سىن(؟)، ... بىر ھىلھىلە لىنتا، ئىككى ياغلىق. ھەممىسى

5. ئۈت سەر بەش مىسقال چاقا(؟) ئالتۇن، ئىككى سەر بېزەك

6. ئالتۇن، تۆت مىڭ قۇانپۇ (پۇل)، بەش قوي. مۇشۇنچىۋالا مال، مۈلۈكنى مەن ئىل

7. ئۇزۇنمىش ئوغۇللىرىم يارپ تۇرمىش، بەگ تۇرمىش، ئەنچۈكلەرگە بېرىمەن.

8. بۇ تامغا بىز ئۈچەيلەننىڭدۇر.

## 91 (8 — 5)

1 /l///////(.)l///////////////////////////('?)-
2 ning yaḳa-sï mən //(.) ok(..) kümüx yol-ïnta
3 basa bitig-siz altï ülüx-tə təgmix ər
4 ḳul küng yol-ïnta yənə tigin-ning kən-
5 tin yinə ḳay-a-ḳa yantut bolmïx nəgü kim
6 yol-ïnta səwinq buḳa munta yoḳ ərsər ////
7 biz bilirbiz timix yol-ïnta ini-lərim uur ḳy-
8 a küwəz yulay birlə basaquḳ tutung satmïday aqarï
9 yawlaḳ θz aqarï ḳan toyïn tutung ḳoḍana anant
10 tutung tügəl-ə əsən buḳa xïlastï atlğ bəg
11 baxlap uyğur uruğ ḳadax ükẓintə sθzləxip
12 atamïz-nïg ülüx bitig-indəki-qə nəgü-sin
13 kim-in tapxura birip muntïn tax yiri-
14 ning suwï-nïng yaḳa-sïnga yənə iki bθlük
15 bu bitig-təki twar-ḳa tutup on tamğa büḍün
16 kümüx yastuḳ-ï bir yürüng toyïn atlğ a(qar)ï
17 oğln əlig(?)-tə birip otuz yax-tïn altïn
18 ygrmi yax-tïn üstün orḍun ər əbqi iki
19 ḳrabax iki at iki ud birlə munqa twar-nï
20 uur ḳay-a baxlap ini-lərim-kə birip

21 θz kθngül-üm bolup yaraxïp /////(.) ymə wap-qa
22 yangla-qa nəgü m-ə qam qrïm bar ərsər ķodup
23 bu bitig-ni birtim bu kün-tə mïnqa mən
24 əlik ix ayğuqï mïnta tuğmïx sarman
25 tθlək baxlap (o)ğlan-larïm birlə atamïz-
26 nïng bular-ķa ülüx ķïlïp ķodmïx
27 yir-ingə s(uw-ïn)ga bağ-ïnga bor-luķ-
28 ïnga nəgü-s(ingə) kim-ingə basa inq
29 ķy-a-nï oğlum ///// (.)P anïng ədingə
30 twar-ïnga nə-(sing)ə kim-ingə bu bitig-
31 təki birmix yast(uķ) ķul küng ud // yol-
32 ïnta qam qarïm ////////////////

---

ئىزاھلار:

12,13. ھەر نەرسىسىنى، كىمىنى: ئەسلى تېكىستتە "nəgü-sin kim-in" دېيىلگەن بولۇپ، سۆزمۇ سۆز مەنىسى "نېمىسىنى (نەرسىسىنى)، كىمىنى". بۇ ۋەسىقە مال-مۈلۈك، قۇل-دېدەك تەقسىماتنامىسى بولغاچقا، "nəgüsin" (نەرسىسىنى)نى "مال-مۈلكىنى"، "kim-in" (كىمىنى)نى "قۇل ياكى دېدىكىنى" دەپ چۈشىنىش مۇۋاپىقراق. مەزكۇر ۋەسىقىنىڭ 28- ۋە 30- قۇرلىرىدىمۇ مۇشۇنداق سۆز ئۇچرايدۇ. بۇ ۋەسىقىنىڭ 5- قۇرىدا "nəgü kim" (بۇ سۆزلەرنى كونتېكستتا قاراپ، "كىمكى"، "نېمە، كىم" دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ). بۇ ۋەسىقىنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن، بۇ ئىككى سۆزنىمۇ "نەرسە ۋە قۇل ياكى دېدەك"نى كۆرسىتىدۇ دېيىشكە بولىدۇ. بەشىمىدە "نەرسلىرى" دەپلا ئېلىنىدى.

بەشىمىسى:

1. ......

2. سنىڭ ئىجارىسى مەن(؟) ... كۈمۈش توغرىسىدا،

3. ئاندىن، پۈتۈكسىز بولغان (ۋە) ئالتە ئۆلۈش (مىراس)تىن تەگكەن
نەر

4. قىزل (ۋە) دېدەك توغرىسىدا؛ شاھزادىنىڭ كەنت (شەھەر)-

5. دىن يىنە قاياغا قايتۇرغان نەرسىلىرى

6. توغرىسىدا (ۋە) سەۋىنچ بۇقا بۇ يەردە يوق بولسىمۇ، ...

7. بىز جاۋابكار بولمىز دېگىنى توغرىسىدا ئىنىلىرىم ئۇر قا-

8. يا، كۈزەز بۇلاي بىلەن بىرلىكتە باساچۇق تۆتۈك، ساتىمىداي
ئاچارى،

9. باۋلاق ئۆز ئاچارى، قان تويىن تۆتۈك، قودانا ئانانت

10. تۆتۈك، تۆكەلە، ئەسەن بۇقا، شىلاستى ئاتلىق بەگ

11. قاتارلىق ئۆيغۇز ئۆرۈق-تۇغقانلىرىمىزنىڭ ئالدىدا سۆزلىشىپ،

12. ئاتىمىزنىڭ مىراس (بۆلۈش) ۋەسىيەتنامىسىگە بىنائەن، ھەر
نەرسىسنى،

13. كىمنى (ئىگىسىگە) تاپشۇرۇپ بېرىپ، بۆنىڭدىن باشقا
(ئاتامنىڭ) يېرىنىڭ

14. سۆيىنىڭ ئىجارە ھەققىنى يەنە ئىككى بۆلۈك (قىلىپ)

15. (ئۆزنى) بۇ ھۆججەتتىكى مال-مۈلۈككە (يەنى) ئون تامغىلىق
پۈتۈن

16. كۈمۈش ياستۇققا ھىسابلاپ بىر يۈرۈك تويىن ئىسىملىك ئاچارى

17. مالىيى بىلەن، ئوتتۇز ياشتىن تۆۋەن،

18. يىگىرمە ياشتىن يۇقىرى، (بولغان) ئىككى ئوتتۇرا (ياش) نەر،
ئايال

19. قىزل، ئىككى ئات، ئىككى كالا (قاتارلىق) مۈشۈنچىۋالا مال-

مۈلۈكنى

20. ئۈز قايا باشچىلىقىدىكى ئىنىلىرىمگە بېرىپ،

21. (ئۈنى) ئۈز كۆزگۈلۈمدە مۇڭاپىق تېپىپ، ... يەنە قانۇن بويىچە،

22. قائىدە-يوسۇن بويىچە، ھەرقانداق دەتالاش بولسا، (ھەممىسنى)

قويۇپ،

23. بۇ ھۆججەتنى بەردىم. بۈگۈندىن باشلاپ، مەن

24. ئەلىك ئىش ئايغۇچى (ئىش باشقۇرغۇچى) بۇ يەردە تۇغۇلغان

سارمان

25. تۈلەك باشچىلىقىدىكى تۇغۇللىرىم بىلەن بىرلىكتە ئاتىمىز-

26. نىڭ بۇلارغا ئۈلۈش (مىراس) قىلىپ قالدۇرغان

27. يېرىگە، سۈيىگە، بېغىغا، ئۈززۈملۈ-

28. كىگە، ھەر نەرسىسىگە، كىمىگە، شۇنداقلا ئىنچ

29. قايانى ئوغلۇم ... ئۈنىڭ مال-

30. مۈلكىگە، نەرسىلىرىگە، ئادىمىگە بۇ پۈتۈك-

31. ىنىكى (تەقسىم قىلىپ) بېرىلگەن ياستۇق (پۇل)، قۇل،

دېدەك، كالا، (ئات) توغرىسى-

32. ىدا دەتالاش (قىلمايمىز) ...

# 9. باشقا ۋەسىقىلەر

## 92 (9-1) —— 125 (9-34)

### 92 (9 — 1)

///// (yï)l üqünq ay tokuz yangï-(ka)////////
//////////(.) aday kïz-nï////////////////
///////-ïnga birtim artï oğlï (. . . )////
////// tixip sөzləxip aday kïz-ka birmix(?)
///// iki yastuk ygrmi stïr kümüx
//////-kə y(an)duru birip aday kïz ///
bar-qa orpak-ï təlüki birlə mən kut(luğ)
(t)onga aday kïz-nï igələp alïp kidt(im)
bu kün-tə mïnqa aday kïz-nïng orpak
təlük nəgü-si kim-i bar tip inəqi-k(ə?)
inisi-ingə oğul-ïnga qam qarïm k(ïlmaz ?)-
mən mən kutluğ tonga-nïng iqim inim
oğul-um kïz-ïm tuğmïx-ïm kadax-ïm ygə(n-im)
tağay-ïm kim kayu kixi inəqi-kə qam(. )//
kïlmazun-lar apam qam qarïm kïlsar-(lar)
uluğ süü-kə bix altun yastuk aka i(ni)
tigit-lər-kə birər altun yastuk kïşğu(t)
өtünüp ïduk-kut-ka bir altun yast(uk)
kөgürüp koqo balïk ayğuqï-ka bir kümüx
yastuk birip ağïr kïyn-ka təgzün-lər

21 tanuķ tmir tanuķ ïnağ ķulï tanuķ bükən t///
22 tanuķ toğan bu tmğa mən ķutluğ tonga-nïng o(l)
23 mən bg bars ķutluğ tonga-ķa ayïtïp bitidim

بەشىمىسى:

1. ... يىلى ئۈچىنچى ئاينىڭ ئوتتۇزىنچى كۈنى،
2. ... ئاتاي قىزنى ...
3. ... ...گە بەرگەن ئىدىم. ئوغلى ...
4. ... دېيىشىپ-سۆزلىشىپ ئاتاي قىزغا بەرگەن(؟)
5. ... ئىككى ياستۇق، يىگىرمە سەر كۈمۈش
6. ...كە ياندۇرۇپ بېرىپ، ئاتاي قىز ...
7. بارلىق ئەسكى-تۈسكى (نەرسىلىرى) بىلەن (قوشۇپ) مەن قۇتلۇغ
8. توڭا ئاتاي قىزنى ئىگىلەپ ئېلىپ كەتتىم.
9. بۈگۈندىن باشلاپ، ئاتاي قىزنىڭ ئەسكى-
10. تۈسكى نەرسە-كېرەكلىرى باردى دەپ ئىنەچى،
11. ئىنىسى، ئوغلى بىلەن دەتالاش قىلماي-.
12. سەن. مەن قۇتلۇغ توڭانىڭ ئاكام، ئىنىم،
13. ئوغلۇم، قىزىم، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىم، جىيەنىم،
14. تاغام، مەيلى كىم بولسۇن ئىنەچى بىلەن دەتالاش
15. قىلمىسۇن. ئەگەر دەتالاش قىلسا،
16. خان ئوردىسىغا بەش ئالتۇن ياستۇق، ئاكا-ئىنى
17. شاھزادىلەرگە بىردىن ئالتۇن ياستۇق جەرىمانە
18. تۆلەپ، ئىدۇقۇتقا بىر ئالتۇن ياستۇق
19. كىرگۈزۈپ، قوچو شەھىرى قوماندانىغا بىر كۈمۈش
20. ياستۇق (جەرىمانە) تۆلەپ، ئېغىر جازاغا مەھكۇم بولسۇن.

21. گۆزۋاھچى تەمىر، گۆزۋاھچى ئىناغ قۇلى، گۆزۋاھچى بۇكەن ....،
22. گۆزۋاھچى توغان. بۇ تامغا مەن قۇتلۇق توگانىڭدۇر.
23. مەن بەگ بارس قۇتلۇق توگادىن سوراپ يازدىم.

## 93 (9 — 2)

1 barẓ yïl toḳzunq ay altï otuz-ḳa
2 biz otuz-nung b(..)ltur atlğ tmirq(i)
3 ḳarabax toyïn-quğ-nung a(y s)ïlïğ(?)
4 atlğ əbqi ḳarabax bθzqi bu ikəgü
5 bəgər-lər-ingə ayïtmatïn ər əbqi
6 bolmïx-lar kin mən toyïn-quğ
7 otuz bilə əxitip aṭïrmtïn
8 toyïn-quğ-nung əbqi ḳrabax-nïng
9 birtin toyïn-quğ oḳ alïr-mən
10 mən otuz-nung tmirqi ḳrbax-nïng
11 birtin mən otuz oḳ alïr-mən mən
12 otuz ḳulum-nung nəgü ərsər bar
13 tip toyïn-quğ-ḳa əbqi-kə qam ḳïlmaz-
14 mən mən toyïn-quğ məning küng-nüng nəgü
15 ərsər bar tip otuz-ḳa ḳul-ḳa
16B qam ḳïlmaz-mən tanuḳ ḳarïḳ tanuḳ qawsu
17B tunuḳ θ tükən tmir bu tmğa biz ikəgü-
18B nüng ol mən mongol buḳa ayïtïp bitidim

---

ئىزاھلار:

12-15. nəgü ərsər bar tip (قانداق /نەرسە/ بولسا، بار دەپ /

نەۋەتسەن): "nəgü ərsər" "نېمە بولسا، قانداقلا بولسا" دېگەن مەنىگە ئىگە.

ۋەسىقىنىڭ مەزمۇنىنى بىزنىڭ چۈشىنىشىمىز مۇنداق: مەزكۇر ۋەسىقىدە، خوجايىن ئوتتۇزنىڭ تۆمۈرچى قۇلى بىلەن خوجايىن تويىنچۇقنىڭ توقۇمىچى دېدىكى غوجىلىرىنىڭ رۇخسىتىنى ئالماي ئەر-خوتۇن بولۇشىدۇ. كېيىن غوجىلىرى ئەھۋالنى ئۇقىدۇ، بىراق ئۇلارنى ئايرىۋەتمەيدۇ. تۆمۈرچى قۇل بىلەن توقۇمىچى دېدەك ئۆز خوجايىنلىرىنىڭكىدە ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىدۇ. ئىككى خوجايىن قۇل-دېدەكلىرى تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك باجنى ئۆزلىرى ئالىدىغانلىقى، خوجايىنلىرى ئايرىۋەتمەي، داۋاملىق ئەر-خوتۇن بولۇشقان قۇل-دېدەكلەر بەزى ئىشلار بىلەن بىرى يەنە بىرى تۇرۇۋاتقان جايغا بارسا، بارغۇچىنىڭ خوجايىنى ئۇنىڭغا يول قويىدىغانلىقى (ئەر-خوتۇنلارنى ئايرىۋەتمىگەن خوجايىنلارنىڭ ئۇلارنىڭ ئۆز ئارا بېرىپ-كېلىشىگە يول قويۇشىمۇ چۈشىنىشلىك) ۋە قارشى تەرەپنىڭ خوجايىنى قۇلى (ياكى دېدىكى) بىلەن دەتالاش قىلمايدىغانلىقى توغرۇلۇق توختاملىشىدۇ.

بىز ۋەسىقىنىڭ مەزمۇنىنى يۇقىرىقىدەك چۈشەنگەنلىكىمىز ئۈچۈن "nəgü ərsər bar tüp"نى "قانداق (ئىشى) بولسا، بار دەپ (نەۋەتسەن)" دەپ يەشمە قىلدۇق.

يەشمىسى:

1. يولۋاس يىلى توققۇزىنچى ئاينىڭ يىگىرمە ئالتىنچى كۈنى،
2. (مەن) ئوتتۇزنىڭ بىـ..لتۇر ئىسىملىك تۆمۈرچى
3. قۇلى، (مەن) تويىنچۇقنىڭ ئاي سىلىغ (؟)
4. ئىسىملىك ئايال توقۇمىچى دېدىكى بۇ ئىككىسى
5. (بىز) خوجايىنلىرىدىن سورىماستىن ئەر-خوتۇن
6. بولۇۋاپتۇ. كېيىن، بىز تويۇنچۇق (ۋە)

7. ئوتتۇز ئىككىمىز ئاڭلاپ، (بۇلارنى) ئايرىۋەتمەستىن؛
8. (مەن) تويىنچۇق ئۆزۈمنىڭ ئايال قۇلۇمنىڭ
9. (تاپشۇرىدىغان) بىجىنى ئۆزۈم ئالىمەن،
10. مەن ئوتتۇز ئۆزۈمنىڭ تۆمۈرچى قۇلۇمنىڭ
11. (تاپشۇرىدىغان) بىجىنى ئۆزۈم ئالىمەن (-دەپ توختام قىلدۇق)،
مەن
12. ئوتتۇز قۇلۇمنىڭ قانداق (ئىشى) بولسا، بار
13. دەپ (ئەۋەتىمەن)، تويىنچۇق (ۋە ئۆزۈمنىڭ) ئايال (دېدىكى)
بىلەن دەتالاش قىلماي-
14. ـمەن. مەن تويىنچۇق مېنىڭ دېدىكىمنىڭ قانداق (ئىشى)
15. بولسا، بار دەپ (ئەۋەتىمەن) ئوتتۇز (ۋە ئۆزۈمنىڭ) قۇل بىلەن
16. دەتالاش قىلمايمەن. گۇۋاھچى قارىق، گۇۋاھچى چاۋسۇ،
17. گۇۋاھچى ئۆتۆكەن تەمىر. بۇ تامغا بىز ئىككىي-
18. لەننىڭدۇر. مەن موڭۇل بۇقا سوراپ يازدىم.

## 94 (9 — 3)

1 küskü yïl aram ay iki yəgrmikə mən ķïty
2 ķay-a-nïng sung(. . . ) atlğ ķïty oğlan-ïm
3 yaxïp ķaq kün-tə tiləp tapïxmtïn
4 turur (. . . . . . . )-ta inəqi-ni(ng) (. . . . . . . .)
5 (a)tlğ ķïty oğlan-ï taxtïn sïn-ķa ķanglï
6 yolïn kergəli barïp bir bez ton tapïp
7 kəlmix bu tonuğ soyup almïx-ķa ķulum
8 eldi tip mən (ķï)ty ķy-a qamlasasar {=qamlamasar}-mən

9 (b)iz iqintəki səz turur tip iqin yar<a>xï
10 inəqi-tin yarïm yastuḳ kümüx alïp
11 üşüxüp kəsixip kitdimz bu kün-tə ïnaru
12 əlmix ḳïty yolïn-ta mən ḳïty ḳy-a inəqi-kə
13 səzüm sawïm qamïm qarïm yoḳ apam qam
14 qarïm ḳïlsar-mən
15 uluğ süü-kə iki yastuḳ ətünüp ming
16 bəgi-kə bir yastuḳ lükqü<n>g ṭarğu-ïnga
17 yarïm yastuḳ birip ağïr ḳïn tgir-mən
18 tnuḳ ḳulun ḳy-a tnuḳ əlik tnuḳ tḳïquḳ
19 ədgü toğ(r)ïl bu tamğa m(ən) ḳïty ḳy-a-nïng ol
20 mən ədüx iki(gükə) ayïtïp bitidim

يەشمىسى:

1. چاشقان يىلى بىرىنچى ئاينىڭ ئون بىرىنچى كۈنى، مەن قىتاي
2. قايانىڭ سۆزىڭ ... ئىسىملىك قىتاي ئوغۇل مالىيىم (غۇلامىم)
3. يوقاپ كېتىپ، نەچچە كۈندىن بۇيان ئىزدەپ تاپالماي
4. تۇرۇۋاتاتتى(تۇق). ... ئىنەچىنىڭ ...
5. ئىسىملىك قىتاي غۇلامى سىرتتىكى قەبرىستانلىقتا ھارۋا
6. بولنى كۆرگىلى بېرىپ، بىر بۆز تون تېپىپ
7. كەپتۇ. بۇ تونىنى سالدۇرۇۋالغاچقا (بۇلىۋالغاچقا)، قۇلۇم
8. ئۆلدى دەپ مەن قىتاي قايا جېدەل-ماجرا قىلمايمەن.
9. (چۈنكى) بىزنىڭ ئىچكى سۆزىمىز (توختامىمىز) بولغاچقا،
ئىچىمىزدە كېلىشىپ،
10. ئىنەچىدىن يېرىم ياستۇق كۈمۈش ئېلىپ،
11. (بۇ ئىشنى) بولدى قىلىشتۇق.. بۈگۈندىن باشلاپ،

12. ئۆلۈپ كەتكەن قىتاي (غۇلامىم) توغرۇلۇق مەن قىتاي قايانىڭ ئىنەچىگە

13. (ھېچقانداق) گەپ-سۆزۈم (دەۋايىم)، دەتالىشىم يوق. مۇبادا،

14. دەتالاش قىلسام،

15. ئۇلۇغ (خان) ئالىبىلىرىغا ئىككى ياستۇق (ئوكچا ئالتۇن ياكى كۈمۈش) سۇنۇپ، مىڭ

16. بېگىگە بىر ياستۇق، لۈكچۈننىڭ ۋالىيسىغا

17. يېرىم ياستۇق تاپشۇرۇپ بېرىپ، (يەنە) ئېغىر جازاغا مەھكۇم بولغايمەن.

18. گۇۋاھچى قۇلۇن قايا، گۇۋاھچى ئەلىك، گۇۋاھچى تاقىچۇق

19. ئەدگۈ توغرىل. بۇ تامغا مەن قىتاي قايانىڭدۇر.

20. مەن ئۆزۈم (قىتاي قايا بىلەن ئىنەچى) ئىككىسىدىن سوراپ يازدىم.

## 95 (9 — 4)

1 tonguz yïl onunq ay altï ygrmi-
2 kə mən ozmïx toğrïl inim basa
3 toğrïl biləki alïx birix tïltağ-
4 ïnta ķïtay yalawaq alp turmïx
5 olar üżkintə tixip alïm birim
6 üzüxdümüz mən ozmïx toğrïl
7 kin ɵngdün basa toğrïl-ķa
8 kim-ning ķayu-nïng küqin
9 tutup qam qarïm ķïlsar-mən
10 yasa-taķï ķïyïn-ķa təgir-

11 mən tanuķ alp turmïx tanuķ
12 yrp toğ<r>ïl mən baqaķ ozmïx
13 toğ<r>ïl-ķa ayïtïp bitidim
14 bu tmğa mən oz<mïx> toğrïl-nïng ol

---

ئىزاھلار:

3. alïx birix (سودا-سېتىق). "alïx birix" دېگەن سۆز 2"UW" دە "سودا، سودا-سېتىق" دەپ چۈشەندۈرۈلگەن. يەشمىدە مۇشۇ چۈشەندۈرۈش ئاساس قىلىندى. بىراق، 5- قۇردىكى "alïm birim"گە ئاساسلانغاندا، "alïx birix"نىڭ "ئېلىم-بېرىم" دېگەن مەنىسىمۇ بولۇشى كېرەك. شۇڭا يەشمىدە "ئېلىم-بېرىم" مەنىسىمۇ ئېلىشقا بولىدۇ.

5. alïm birim (ئېلىم-بېرىم). "قەرز" مەنىسىدىكى بۇ قوش سۆز، تا بۈگۈنكىچە تىلىمىزدا قوللىنىلىپ كەلمەكتە.

يەشمىسى:

1. چوشقا يىلى ئونىنچى ئاينىڭ ئون ئالتىنچى كۈنى،
2. مەن ئۆزمىش توغرىل ئىنىم باسا
3. توغرىل بىلەن (تورتاق قىلغان) سودا-سېتىق توغرىد-
4. سىدا قىتاي يالاۋاچ (ئەلچى)، ئالپ تۇرمىش
5. قاتارلىقلارنىڭ ئالدىدا سۆزلىشىپ، ئېلىم-بېرىم (ئىشىمىزنى)
6. ئۆزۈۋېتتۇق (تۈگەتتۇق). مەن ئۆزمىش توغرىل
7. بۈنىڭدىن كېيىن، باسا توغرىل بىلەن
8. ھەر قانداق ئادەمنىڭ كۆچىگە
9. تايىنىپ دەتالاش قىلسام،
10. قانۇندىكى جازاغا مەھكۇم

11. بولمەن، گۇۋاھچى ئالپ تۇرمىش، گۇۋاھچى

12. يارپ توغرىل. مەن باچاق ئوزمىش

13. توغرىلدىن سوراپ يازدىم.

14. بۇ تامغا مەن ئوزمىش توغرىلنىڭدۇر.

## 96 (9 — 5)

1 tak̦ïğu yïl yitinq ay səkiz ygrmikə mən
2 toyïnqoğ tüxiki basïk̦ï biz üqəgü əwdə(. . . )
3 qoğï bolmïx-k̦a tuğmïx-ïmïz ədgü tonga tardu
4 ɵz k̦ana üẓkintə tixip bu kün-tə
5 ɵngdün-ki tüxiki-ning tangut-ta k̦ïḍay-
6 ta nəgü ymə birimi bar ərsər toyïnqoğ basïk̦ï
7 bilməz mən tüxiki bilir-mən bu kün-tə
8 kin nəgü ymə k̦alan basïğ bolsar üqəgü
9 k̦alanmïz-k̦a üləxip birur-biz tnuk̦ yapïqï
10 tan<u>k̦ abïrï bu tamğa tüxiki-ning ol mən
11 ɵz k̦ana tu ayïḍïp bitidim

---

ئىزاھلار:

5. tangut k̦ïtay (تاڭۇت، قىتاي): "UW"2 نىڭ 151-152-بەتلىرىدە "تاڭۇت"نىڭ "غەربىي كارىدورى"نى، "قىتاي"نىڭ "شىمالىي جۇڭگو"نى كۆرسىتىدىغانلىقى ئېيتىلغان. "تاڭۇت"، "قىتاي" ئاتالغۇلىرى قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر كونتېكىستىدا ئاساسلانغاندا، يەر-جاي نامى، ئادەم ئىسمى (ياكى لەقىمى)، مىللەت نامى قاتارلىق مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. مەزكۇر ۋەسىقىدە "tangut-ta qïday-ta nəgü ymə birimi bar ərsər" دېيىلگەن ("k̦ïday-k̦a, tangut-k̦a" دېيىلمىگەن). شۇڭا، ھەر ئىككىلىسىنى يەر

نامىنى كۆرسىتىدۇ دەپ قاراشقا بولىدۇ.

بەشىنچىسى:

1. توخۇ يىلى بەتىنچى ئاينىڭ ئون سەككىزىنچى كۈنى،
2. بىز تويىنچۇغ، تۆشكى، باشقى ئۆچەيلەن ئۆزىدە ...
3. جىدەللىشىپ قالغاچقا، تۆغقىنىمىز نەدگۈ توگا، تاردۇ،
4. ئۆز قانالار ئالدىدا سۆزلىشىپ (مۇنداق توختام تۈزۈشتۇق):
بۆنىڭدىن
5. بۆرۈن، تۆشكىنىڭ تاگۆتتا (ۋە) قىتابدا
6. ھەرقانداق بىرىشى (قەرزى بولغان) بولسا، تويىنچۇغ (ۋە)
باشقى
7. جاۋابكار بولمايدۇ. مەن تۆشكى جاۋابكار بولمەن. بۆنىڭدىن
8. كېيىن، ھەرقانداق قالان (باج) — باسىغ (سىلىق) بولسا،
ئۆچەيلەن
9. باجنى بۆلىشۋېلىپ تاپشۇرىمىز. گۈۋاھچى ياپىچى،
10. گۈۋاھچى ئابىرى. بۇ تامغا تۆشكىنىڭدۇر. مەن
11. ئۆز قاناتۇ سوراپ يازدىم.

## 97 (9 — 6)

1 ït yïl ikinti ay tokuz yangïka mən
2 kanturmïx toğ<r>ïl kədirə-kə birmix asïğ-lïğ
3 bix stïr kümüx-üg tügəl altïm əg
4 bitigi yok bolmïx-ka buqung bitig
5 birdim kin əngtün əg bitigi

6 ünsər yorïmzun buqung bolzun.
7 tanuķ yanga ba<r>s tanuķ buyanquķ
8 bu tmğa mən ķanturmïx toğ<r>ïl-nïng ol

---

ئىزاهلار:

2-3. asïğ-lïğ bix stïr kümüx (ئۆسۈملۈك بەش سەر كۈمۈش): قەرز بېرىلگەن كۈمۈش بىلەن ئۆسۈمى قوشۇلغاندا، بەش سەر بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنى "tügəl altïm" ("تولۇق تاپشۇرۇۋالدىم" ياكى "پۈتۈنلەي تاپشۇرۇپ ئالدىم" دېگەن مەنىدە) دېگەن سۆزلەر چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

4. buqung (ئۇنى ئىناۋەتسىز قىلىدىغان): "UW"2 نىڭ 299-بېتىدە، "buqung" نىڭ خەنزۇچە 不中 ("بولمايدۇ، ئىشلىتىلمەيدۇ" دېگەن مەنىدە) دىن كەلگەنلىكى كۆرسىتىلگەن، بۇ توغرا بولغان. "buqung" دېيىلسە كىشىنىڭ ئېسىگە ئالدى بىلەن كېلىدىغىنى 补充 ("تولۇقلىماق"، "قوشۇمچە" دېگەن مەنىدە). بىراق، مەزكۇر ۋەسىقىنىڭ مەزمۇنىدىن ئېنىقكى، كەدىرە ئاتلىق قەرز ئالغۇچى، قەرز ئىگىسى قانتۇرمىش توغرىلغا بەش سەر كۈمۈشنى ساق تاپشۇرغاندىن كېيىن، قانتۇرمىش توغرىل كەدىرەنىڭ قەرز ئالغان ۋاقىتتا ئۆزىگە يېزىپ بەرگەن هۆججىتىنى قايتۇرۇپ بېرىشى كېرەك ئىدى. بىراق، ئۇ هۆججەتنى يوقىتىپ قويغان بولغاچقا، ئۆزىنىڭ قەرزىنى قايتۇرۇپ ئالغانلىقىنى ئەسكەرتىپ، شۇنىڭدەك، كېيىن ئۇ هۆججەت (ۋەسىقىدە "ئانا هۆججەت" دېيىلگەن) تېپىلىپ قالسا دەۋالاش چىقماسلىقىنى نەزەرگە ئېلىپ، ئۇ هۆججەتنى ئىناۋەتسىز قىلىدىغان مەزكۇر هۆججەتنى كەدىرەگە يېزىپ بەرگەن. شۇڭا، بۇ هۆججەتنى "قوشۇمچە هۆججەت" دېيىشكە بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇ "ئانا هۆججەت"نىڭ قوشۇمچىسى (تولۇقلىمىسى) بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭ ئىناۋەتسىز بولغانلىقىنىڭ ئىسپاتىدۇر.

بەشىممى:

1. ئىت يىلى ئىككىنچى ئاينىڭ توققۇزىنچى كۈنى، مەن
2. قانتۇرمىش تۇغرىل كەدىردەگە بەرگەن ئۆسۈملۈك
3. بەش سەر كۈمۈشنى تولۇق (تاپشۇرۇپ) ئالدىم. ئانا
4. (ئەسلى) ھۆججەت يوق بولغاچقا، (ئۇنى ئىناۋەتسىز قىلىدىغان) ھۆججەت
5. بەردىم. كېيىن ئىلگىرىكى ئانا ھۆججەت
6. چىقىپ قالسا، ئىناۋەتسىز بولسۇن.
7. گۇۋاھچى ياگا بارس، گۇۋاھچى بۇيانچۇق.
8. بۇ تامغا مەن قانتۇرمىش تۇغرىلنىڭدۇر.

## 98 (9 — 7)

1 ķoyn yïl qhxput ay ygrmi-kə mən yuķa
2 basa toğ<r>ïl-nïng səwig bürt bilə-
3 ki qam-lïğ ədgü ķuturul-mïx olar bilə
4 biḍig ķïlïp birmix asïğ-lïğ kümüx-
5 tin basa toğ<r>ïl-nïng basïğ-ķa təg-
6 mix səkiz sïtïr kümüx-üg mən yuķa
7 altïm θg bitigin tïtp basa toğ<r>ïl-
8 ķa qamïm yoķ θ şgə on-luķ-larïnta
9 qamïm üşülməyük-kə θ g bitigin
10 birmətim tanuķ T(.)MW(.)Y tanuķ bulat
11 bu tamğa mən yuķa-nïng ol

ئىزاھ:

3. ədgü kuturul-mïx (ئەدگۈ، قۇتىرۇلمىش): 2"UW" دە بۇ ئىككى سۆز ئىككى ئادەمنىڭ ئىسمى دەپ قارالغانلىقى مۇۋاپىق بولغان. چۈنكى، بۇنى بۇ ئىككى سۆزنىڭ ئالدىدىكى "..... səwig bürt biləki qamlïğ" (سەۋىگ بۆرت بىلەن دەتالاشتىكى)، كەينىدىكى "..... olar bilə bitig kïlïp" (ئۇلار بىلەن ھۆججەت تۈزۈپ) دېگەن سۆزلەردىن كۆرىۋالغىلى بولىدۇ.

يەشمىسى:

1. قوي يىلى ئون ئىككىنچى ئاينىڭ يىگىرمىنچى كۈنى، مەن يۇقا
2. باسا توغرىلنىڭ سەۋىگ بۆرت (دېگەن ئادىمى) بىلەن
3. دەتالاشتىكى ئەدگۈ، قۇتتۇرۇلمىشلار بىلەن
4. ھۆججەت تۈزۈپ (ئۇلار) بەرگەن (تاپشۇرغان) ئۈسۈم كۈمۈش-
5. تىن، باسا توغرىلنىڭ باج (ھېساۋىدا) تەگ-
6. ىكەن سەككىز سەر كۈمۈشنى مەن يۇقا
7. ئالدىم (ۋە) ئانا ھۆججەتنى يىرتىۋەتتىم، (بۇنىڭدىن كېيىن) باسا توغرىل
8. بىلەن دەتالىشىم يوق. (ئۇنىڭ) ئۆزگە ئۇنلۇقلىرى (ئۇنلۇق گۇرۇپپىدىكى باشقىلار) بىلەن
9. دەتالىشىم تۈگىمىگەچكە، ئانا (نەسلى) ھۆججەتنى
10. بەرمىدىم. گۇۋاھچى ....، گۇۋاھچى بۇلات.
11. بۇ تامغا مەن يۇقانىڭدۇر.

## 99 (9 — 8)

1 (b)iqin yïl onunq ay altï ygrmikə mən inəqi alp toğ<r>ïl-ḳa tutar yiti

2 (k)üri üyür-ni apam klmïx-tə alp toğ<r>ïl-ḳa yiti küri üyür kəni birgül

3 tisər mən inəqi ḳoyn yïl-tïn bərü tü(xi) bilə kəni birürmən apam (. . . )

4 birgü ərməz tisər mən inəqi qamsïz tutar-mən tnuḳ tumdur bu tmğa mn(ing ol)

---

ئىزاھ:

1. tutar (ساقلىغان): "تۇتىدىغان، باشقۇرىدىغان، ساقلايدىغان" دېگەن مەنىلەرگە ئىگە. تېكىست مەزمۇنىغا ئاساسلانغاندا ئىنەچى قوي يىلىدىن مايمۇن يىلىغىچە ئالىپ توغرىلغا يەتتە كۈرە تېرىقنى ساقلاپ بەرگەن. ئۇنىڭ "يەتتە كۈرە تېرىقنى بەر دېسە، قوي يىلىدىن بۇيانقى ئۆسۈمى بىلەن ساق تاپشۇرىمەن." دېگىنىگە قارىغاندا، ئۇلار ئىنەچى تېرىقنى ئىشلىتىپ، ئالىپ توغرىل قاچان كېلىپ، تېرىقنى بەرگىن دېگەندە، ئۆسۈمى بىلەن قايتۇرىدىغانغا كېلىشكەن.

بەشمىسى:

1. مايمۇن يىلى ئونىنچى ئاينىڭ ئون ئالتىنچى كۈنى، مەن ئىنەچى ئالىپ توغرىلغا ساقلىغان يەتتە

2. كۈرە تېرىقنى ئەگەر (ئۇ) كەلگەندە، ئالىپ توغرىلغا يەتتى كۈرە تېرىقنى تولۇق بەر

3. دېسە، مەن ئىناچى قوي يىلىدىن بۇيانقى ئۆسۈمى بىلەن تولۇق

تاپشۇرىمەن. ئەگەر ...

4. بىرىشىڭ (كېرەك) ئەمەس دېسە، مەن ئىنەچى دەتالاش قىلماي ساقلاپ بېرىمەن. گۇۋاھچى تۆمدۇر. بۇ تامغا مېنىڭدۇر.

## 100 (9 — 9)

1 yïlan yïl arm ay altï otuz-ḳa biz {. . . . . . }
2 { . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . } bilə biz üqgün
3 aṭax boltumuz kim ḳayu kixi kitsər-biz bir
4 inqgə bɵz birirbiz amrmasr abita tngri
5 bu<r>han uluxïn-ta tuğmalïm mən ɵz toğrïl üqgü-kə
6 ayïtïp bititim ɵḍig ḳïltïm bu tamğa biz
7 tɵrḍgün-nüng ol tnuḳ əsən tnuḳ txïrd

---

ئىزاھلار:

1-2. بۇ ئۆزلاردىكى كۆپ چېكىت قويۇلغان جايلاردا، ئەسلىدە دوست بولغۇچىلارنىڭ ئىسمى يېزىلغان بولۇپ، بۇ ئىسىملار ئەينى چاغدىلا سىزىپ ئۆچۈرۈۋېتىلگەن. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كىملىكىنى ئاشكارىلاشنى خالىماي، مەخپىي تۇتماقچى بولسا كېرەك.

4. abita (ئابىتا): خەنزۇچە 阿弥陀 نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى. 阿弥陀 بولسا، سانسكرىتچە amitābha ياكى amitāyus نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى.

يەشمىسى:

1. يىلان يىلى بىرىنچى ئاينىڭ يىگىرمە ئالتىنچى كۈنى، بىز ...

2. ... بىلەن بىز ئۈچەيلەن

3. ئاداش-دوست بولدۇق. قايسىمىز (دوستلۇقتىن) ئايرىلساق، بىر (توپ؟)

4. ئەپسۇس بۇز بېرىمىز. ئەگەر ئامراقلىشىپ كېتەلمىسەك، ئابىتا تەڭرى

5. بۇرخان دۆلىتىدە تۇغۇلمايلى. مەن ئۆز توغرىل ئۆچەيلەندىن

6. سوراپ يازدىم. (رەسمىي) يېزىپ قالدۇردۇم. بۇ تامغا بىز

7. تۇتەيلەننىڭدۇر. گۇۋاھچى ئەسەن، گۇۋاھچى تاشىرد.

# 101 (9 — 10)

1 ///yïl səkizinq ay altï otuz-ḳa mən aḍay pinḍung-
2 (nïn)g saḍïğï toḳuz yastuḳ qao-nï xiwsay tayxï-tïn
3 (tük)əl sanap alïp bu bitig-ni birtim tanuḳ baqau toğrïl
4 (tanu)ḳ ilawu bu quğ tamğ-a mən aḍay-nïng ol mən θ şüm bitidim

---

ئىزاھلار:

1. (ئەجدىھا): مەزكۇر ۋەسىقىدە، تۆت قۇر قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىن كېيىن يەنە بەتتە قۇر خەنزۇچە خەت يېزىلغان بولۇپ، (UW"3 نىڭ 134- رەسىملىك بەتكە قارالسۇن) ئۇنىڭ 1- قۇرىدىكى "ئەجدىھا يىلى سەككىزىنچى ئاينىڭ يىگىرمە ئالتىنچى كۈنى ..." دېگەن سۆزلەرگە ئاساسەن، بەشىدە "(ئەجدىھا) سۆزى قوشۇلدى.

